ئەسەرلەر گۈلىستانى

# ئاقىللارنىڭ ئادىبى سۆكۈت

(«پەندنامە»، «ئىلاھنامە»)



شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت ـ فوتو سۈرەت نەشرىياتى
شىنجاڭ ئېلېكترون ئۈن ـ سىن نەشرىياتى

www.uyghurkitap.com

كلاسسىكلار گۈلىستانى

# ئاقىللارنىڭ ئادىتى سۈكۈت

(«پەندنامە»، «ئىلاھنامە»)

پىلانلىغۇچى: مۇرات ئېلى
باش تۈزگۈچى: ئادىل مۇھەممەت
تۈزگۈچى: ئېزىز ئاتاۋۇللا سارتېكىن

شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت ـ فوتو سۈرەت نەشرىياتى
شىنجاڭ ئېلېكترون ئۈن ـ سىن نەشرىياتى

ئۇيغۇر كىتاب تورىكتى
www.uyghurkitap.com

# تۈزگۈچىدىن

ھۆرمەتلىك ئوقۇرمەن، تارىختا ئۆتكەن مەشھۇر كلاسسىكلارنىڭ ئەخلاق ـ پەزىلەت، تەلىم ـ تەربىيىنى ئاساسىي مەقسەت قىلىپ يازغان ئەسەرلىرى زامانىنىڭ ئۆتۈشى، كىشىلەر ئاڭ سەۋىيىسىنىڭ ئۆسۈشى بىلەن يەنىمۇ ئۆز قىممىتىنى نامايان قىلىپ كەلمەكتە. ئۇلاردا ئالغا سۈرۈلگەن ئىلغار ئىدىيىلەر، ئەخلاقىي دەۋەتلەر قەدىمكى دەۋردىلا ئەمەس، بەلكى بۈگۈنكى دەۋردىمۇ ئۆز رولىنى جارى قىلدۇرۇپ، جەمئىيەتنىڭ ئىجتىمائىي ئەخلاق قۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە بەلگىلىك رول ئوينىماقتا. بىز دەۋر قەدىمگە ماسلىشىش، تارىختا ئۆتكەن مۇتەپەككۇرلارنىڭ ھاياتىي پائالىيىتى ۋە ئىجادىي ئەمگەكلىرى ئارقىلىق ئەۋلادلارنىڭ مەنىۋى جەھەتتىن يۈكسىلىشىگە ئىلھام بېرىش مەقسىتىدە، كلاسسىكلار قەلىمىگە مەنسۇپ بولغان ئەسەرلەر ئىچىدىن دىداكتىك مەزمۇن ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدىغانلىرىنى تاللاپ «كلاسسىكلار گۈلىستانى» ناملىق بۇ مەجمۇئەنى تۈزدۇق. دىققىتىڭىزگە سۇنۇلۇۋاتقان «ئاقىللارنىڭ ئادىتى سۈكۈت» دېگەن كىتابتا 12 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدىن 13 ـ ئەسىرنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىگىچە بولغان ئارىلىقتا ياشاپ ئۆتكەن بۈيۈك پەيلاسوپ فەرىدىددىن ئەتتارنىڭ ھاياتى ۋە «پەندىنامە»، «ئىلاھىنامە» ناملىق ئەسىرىدىكى تەربىيەتلىك مەزمۇنلار قىسقىچە تونۇشتۇرۇلدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# فەرىدۇددىن ئەتتارنىڭ ھاياتى

دۇنيادا ئۆز قوينىدىن يېتىشىپ چىققان مەشھۇر كىشىلەرنىڭ شان ـ شۆھرىتى ئارقىلىق ئالەمگە تونۇلغان، شۇ سەۋەبتىن ئىسمى ھۆرمەت ۋە ئىپتىخار ئىلكىدە تىلغا ئېلىنىدىغان نۇرغۇن شەھەرلەر بار. ئەنە شۇنداق شەھەرلەرنىڭ بىرى نىشاپۇردۇر.

نىشاپۇر ئۇزاق، شۇنداقلا سەلتەنەتلىك تارىخقا ئىگە شەھەر ئىدى. بولۇپمۇ ئوتتۇرا ئەسىرنىڭ ئالدى ـ كەينىدە بۇ شەھەردىن ھەر قايسى ساھەلەر بويىچە كۆپلىگەن ئالىم ـ ئۆلىمالار يېتىشىپ چىقتى، ھەتتا باشقا ئەل ۋە شەھەرلەردىن بىر قىسىم ئىلىم ئەھلىلىرى بۇ شەھەرگە كېلىپ، ئىلىم ئالماشتۇرۇش ياكى ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللاندى. نەتىجىدە بۇ شەھەر شەرقتىكى مەشھۇر مەدەنىيەت مەركەزلىرىنىڭ بىرىگە ئايلاندى. ئىسمى ئەل ئارىسىدا مەشھۇر بولۇپلا قالماي، بەلكى ھەرقايسى تارىخىي، ئەدەبىي ئەسەرلەردە ھۆرمەت بىلەن زىكرى قىلىندى. يۈكسەك مەدەنىيەت ساپاسى بىلەن يۇغۇرۇلغان بۇ خىل مۇھىت نىشاپۇرنىڭ شەۋكىتىنى يەنىمۇ ئاشۇردى.

ئوتتۇرا ئەسىرنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرى ئىدى. ئەنە شۇ شەۋكەتلىك شەھەر ــ نىشاپۇر ئەتراپىدا ئىبراھىم

ئىسىملىك تەقۋادار بىر مۇسۇلمان ئىستىقامەت قىلاتتى. ئىبراھىم ئۆز دەۋرىگە نىسبەتەن خېلىلا يۇقىرى دەرىجىدە ئىلىم تەھسىل قىلغان، تىبابەتچىلىك ئىلمىنىڭ سىر - ئەسرارلىرىدىن بەلگىلىك سەۋىيىدە خەۋەردار، سەمىمىي دىيانەتلىك ئادەم ئىدى. ئۇ قۇتبىدىدىن ھەيدەر ئىسىملىك مەشھۇر دەرۋىشتىن دىنىي ئىلىملەر، بولۇپمۇ تەرىقەت تەلەپلىرى بويىچە تەلىم ئالغان بولۇپ، كۈندىلىك تۇرمۇشتا ئۆزىگە خاس مەۋقە بىلەن تۇرلۇك ئىنسانىي پەزىلەت ۋە پرىنسىپلارغا قاتتىق ئەمەل قىلىپ، ھالال - پاك ياشاشقا تىرىشاتتى.

ئىبراھىمنىڭ ئەتتارلىق يەنى خۇش پۇراق بۇيۇملار ۋە دورا - دەرمەك تىجارىتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان دۇكىنى بار ئىدى. شۇڭا، ئۇ دائىم دېگۈدەك يېقىن - يىراق شەھەرلەرگە بېرىپ، ئىپار، مۇشكى ئەنبەر دېگەندەك خۇش پۇراق بۇيۇملار ھەمدە قىممەت شىپالىق دورا ماتېرىياللىرىنى ئېلىپ كېلىپ تىرىكچىلىك قىلاتتى. يېقىن ئەتراپتا ئىبراھىم ۋە ئۇنىڭ دۇكىنىنى بىلمەيدىغان كىشىلەر يوق دېيەرلىك ئىدى.

كۈنلەرنىڭ بىر كۈنى ئىبراھىم ئۇچۇن زېمىن يېرىلىپ ئاسمان لەرزىگە كەلگەندەك بولدى. ئۇنىڭ مۇراد - مەقسەتلىرىنى نۇرلاندۇرۇپ قەلبىدە بىر قۇياش پارلىدى. گويا ئۇزۇن يىللىق تائەت - ئىبادىتى ۋە تىلەكلىرى مەقبۇل بولغاندەك بىر ئوغۇل پەرزەنتلىك بولدى. ئۇ ياراتقان ئىگىسىنىڭ ئۆزىگە قىلغان ئىنايەت - ئىلتىپاتىغا چەكسىز شۈكرانىلار ئېيتىپ ئوغلىغا مۇھەممەد دەپ، رەسۇلىللانىڭ

www.uyghurkitap.com

ئىسمىنى قويدى، ئەتراپتىكى يېتىم - يېسىرلارغا ئېھسان - سەدىقىلەر قىلدى.

ئىبراھىمنىڭ خۇشاللىقى ئېيتىپ تۈگەتكۈسىز ئىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ يىلتىزىنى ئۈزۈپ قويمايدىغان بىر ئىزباسارنىڭ دۇنياغا كەلگەنلىكىدىن قەۋەتلا رازى ئىدى. مۇھەممەد چوڭقۇر مېھىر - مۇھەببەت ئىلكىدە ئۆسۈپ يېتىلدى. ئۇنىڭ ئەتراپىتىكى ھەر خىل نەرسىلەرگە بولەكچىلا قىزىقىشى، تىنماي سوئال سوراشلىرى ۋە زېرەكلىكى ئىبراھىمغا ئىشەنچ ۋە ئۈمىد ئاتا قىلاتتى. ئىبراھىم مۇھەممەدنى نىشاپۇردىكى ئەڭ ئۆتكۈر ئۆلىمالارنىڭ قولىدا ئوقۇتتى. مۇھەممەد مەدرىسىنى تاماملاپ، تازا يېتىلىش باسقۇچىغا قەدەم قويغان، ئەخلاقىي، ئەقلىي ساپا ۋە ئۆزىگە خاس دىت بىلەن ئەل - جامائەتنىڭ نەزىرىگە چىلىقىشقا باشلىغان چاغلاردا دادىسى ئىبراھىم بۇ دۇنيا بىلەن خوشلىشىپ كېتىپ قالدى. شۇنىڭ بىلەن مۇھەممەد دادىسىنىڭ ئەتتارلىق خىزمىتىگە ۋارىسلىق قىلىشقا باشلىدى. مۇھەممەد ئاتا كەسپىگە زور ئىخلاس ۋە ۋارىسلىق قىلدى. تىجارەتتە ئاتىسىنىڭ ئۆگەتكىنى بويىچە دىيانەت ۋە ھالاللىقنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇپ، خۇددى دادىسىدەكلا كىشىلەرنىڭ ئىشەنچىسىگە ئېرىشتى. نەتىجىدە ئۇنىڭ تىجارىتى كۈندىن - كۈنگە روناق تېپىپلا قالماي، ئۆزىمۇ جەمئىيەتتە كىشىلەرنىڭ قەدىرلىشىگە، ئىززەت - ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولدى ۋە ئەل ئارىسىدا ئەتتار دېگەن نام بىلەن تونۇلدى.

بىر كۈنى مۇھەممەدنىڭ دۇكىنى ئالدىدا دەرۋىشلەرگە خاس يېلىڭ - يىرتىق كىيىنگەن بىر دىۋانە پەيدا بولدى. ئۇ

ھەر خىل خۇش پۇراق بۇيۇم ۋە دورا ـ دەرمەكلەر بىلەن تونۇلغان دۇكانغا، ئايىغى ئۈزۈلمەي كېلىپ كېتىپ تۇرغان خېرىدارلارغا، شۇنداقلا تىجارەت بىلەن ئالدىراش بولۇۋاتقان دۇكاندارغا بىر ھازا قاراپ تۇرغاندىن كېيىن:

— ئەي، دۇكاندار، خۇدا يولىدا سەدىقە قىلىڭ، — دېدى مۇھەممەدكە.

مۇھەممەد تىجارەتنىڭ ئالدىراشچىلىقىدىنمۇ ياكى باشقا سەۋەبتىنمۇ ئەيتاۋۇر دىۋانىنىڭ سۆزلىرىگە دىققەت قىلمىدى. شۇنىڭ بىلەن دىۋانە يەنە مۇھەممەدكە:

— ئەي خوجا، سەن قانداق ئۆلىسەن؟ — دېدى.

مۇھەممەد بۇ سۆزدىن سەل ئەندىكتى ۋە جاۋابەن:

— سەن قانداق ئۆلسەڭ، مەنمۇ شۇنداق ئۆلەرمەن — دېدى.

دىۋانە:

— ياق سەن مەندەك ئۆلمەيسەن، — دېدى.

مۇھەممەد دىۋانىدىن:

— نېمە ئۈچۈن؟ — دەپ سورىدى.

دىۋانە:

— شۇنىڭ ئۈچۈنكى، مېنىڭ يۈكۈم يەڭگىل، قۇرۇق تېنىم ۋە ئۈنى يېپىپ تۇرغان جەندەمدىن ئۆزگە ھېچقانداق يۈكۈم يوق. مېنىڭ بۇ دۇنيا دۇكىنىنى تاشلاپ كېتىشىم ئاسان. ئەمما، سېنىڭ بولسا يۈكۈڭ ئېغىر، ھەشەمەتلىك ئىمارىتىڭ، مالغا تولغان دۇكىنىڭ، پۇلغا تولغان ھەمىيىنىڭ، خىزمەتكار ـ چاكارلىرىڭ بار. شۇنچە يۈك بىلەن مەنزىلگە قانداق يېتەلەيسەن؟ سەن ئۆز ئىشىڭنىڭ

www.uyghurkitap.com

چارىسىنى قىل، مەن بولسام مانا مۇنداق ئۆلىمەن، — دېدى - دە، بىلىدىن سۇ ئىچىدىغان جامنى ئېلىپ بېشىغا قويۇپ ياتقىنىچە جان ئۈزدى.

مۇھەممەد كۆز ئالدىدا يۈز بەرگەن بۇ ھالدىن ھەيرانۇلال بولدى. قەلبىگە شىددەتلىك بىر ئىزتىراپ، زىلزىلە تۇتاشتى. ئۇ ئۆزىنىڭ تا ھازىرغىچىلىك بىخۇدلۇق ئىلكىدە كۈن ئۆتكۈزگەنلىكىنى خىرە - شىرە ھېس قىلغاندەك بولدى - دە، چەكسىز نادامەت بىلەن تۇۋا - ئىستىغپارغا قول كۆتۈردى.

مۇھەممەد كارامەت ئىگىسى بولغان بۇ دەرۋىشنىڭ جەسىتىنى ئۆز قولى بىلەن يەرلىككە قويدى. ئاندىن ئۇرۇق - تۇغقان، خىزمەتكار - چاكارلىرىنى يىغىپ بارلىق مال - مۈلكىنى ئۇلارغا ئۈلەشتۈرۈپ بەردى. شۇنىڭ بىلەن ئەتتارلىقنى تاشلاپ، تەرىقەت يولىغا كىردى. ئەتتار دېگەن سۆز كېيىنچە ئۇنىڭ تەخەللۇسى بولۇپ قالدى ھەمدە شۇ نام بىلەن ئالەمگە مەشھۇر بولدى.

دەرۋىشنىڭ ئۆلۈمى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان رىۋايەت تۈسىگە ئىگە بۇ ۋەقە ئابدۇرەھمان جامى، ئەلىشىر نەۋائىيلارنىڭ تەزكىرىلىرىدە كەلتۈرۈلگەن بولۇپ، ئۇ ئەتتارنىڭ ئىدىيە جەھەتتىكى غايەت زور بۇرۇلۇشقا يۈزلەنگەنلىكىدىن بېشارەت بېرىدۇ. بۇنداق ھادىسىلەر ئوتتۇرا ئەسىر كىشىلىرى ئۈچۈن ھەرگىزمۇ ئەقىلغا سىغمايدىغان، بىمەنە تۇيغۇ بەرمەيدۇ. چۈنكى، مەشھۇر شەيخلەرنىڭ ھاياتىدا ئىدىيە جەھەتتىكى بۇرۇلۇشقا سەۋەب بولىدىغان ھەرخىل ئالامەتلىك ھادىسىلەرنىڭ يۈز بېرىشى

تـەبئىي ئـەھۋال ھېسـابلىنىدۇ. ئـەتتارنىڭ ھاياتىدا يـۈز بەرگـەن بـۇ ۋەقـە ئۇنىـڭ ھاياتى ۋە ئىدىيىسىنىڭ جەۋھىرى ھېسـابلانغان تەسـەۋۋۇپ تـەلىماتىغا ئـۆزىنى بېغىشلاشـنىڭ سىرلىق مۇقەددىمىسى بولـۇپ قالدى. ئۇ روھىي جەھەتتىن كۈچلۈك بىر خىرىسقا دۇچ كەلگەنىدى.

ئـــەتتارنىڭ تەرىقـــەتتىكى ئۇســـتازلىرىنىڭ كـــىم ئىكەنلىكى ھەققىدىكى قاراش تېخى بىرلىككە كېلىنگىنى يوق. ئابدۇرەھمـان جـامىنىڭ مـەلۇماتىغا قارىغاندا، ئـەتتار دەرۋىشـــلىك خىرقىســـىنى، يـــەنى دەرۋىشـــلىك يولىغـــا كىرگـــەنلىكىنىڭ ســـىمۋولى بولغـــان جـــەندىنى شـــەيخ نـەجمىددىن كۇبـرا (1145 — 1221) نىـڭ ئىزباسارلىرىدىن بولغـان مـەجدىددىن بـاغدادىنىڭ قولىدىـن كىيگـەنلىكى مـەلۇم. بەزىلـەر دەۋلەتشـاھ سـەمەرقەندى (1495 - يىلـى ئالـەمدىن ئۆتكـەن) نىـڭ مـەلۇماتىغا ئاساسـلىنىپ ئـەتتارنى گـەرچە دەرۋىشـلىك خىرقىسـىنى مـەجدىددىن بـاغدادى قولىدىن كىيگەن بولسىمۇ، لېكىن تەرىقەت تـەلىماتلىرىنى شـەيخ رۇكنىددىنىدىن ئالغانلىقىنى تەكىتلـەيدۇ. يەنە بەزىلـەر ئـەتتارنى دادىسىنىڭ ئۇستازى قۇتبىددىن ھـەيدەرىدىن تـەلىم ئالغان دەپمۇ قارايدۇ. ئەلىشـىر نـەۋائىينىڭ بـۇ ھـەقتىكى مـەلۇماتلىرى ئابدۇرەھمـان جـامىنىڭ مـەلۇماتى بىلـەن بىـردەك. نـەۋائىي «نەسـايىمۇل مۇھەببـەت» («سۆيگـۈ سـەلكىنلىرى») دە مۇنـداق دەپ يـازىدۇ: «ئـالار شـەيخ مەجدىددىن باغدادىنىڭ مۇرىتىدۇرلار ۋە ‹تەزكىرەتۇل ئەۋلىيا› كىتابىكىم، ئالارنىڭ مۇسەننىفاتىدىندۇر، ئانىڭ دىباچەسىدە ئۆزلـەرىنىڭ شـەيخ مەجدىددىنغـە ئىرادەتلـەرىن زاھىـر

قىلىپتۇرلار ۋە بەئىزى دەپتۇرلەركى، ئۇۋەيسىي ئىكەندۇرلار.»

يەشمىسى: ئەتتار شەيخ مەجدىددىن باغدادىنىڭ مۇرىتلىرىدۇر. «تەزكىرەتۇل ئەۋلىيا» (ئەۋلىيالار تەزكىرىسى) كىتابىنى ئەتتار يازغاندۇر، ئەتتار شۇ كىتابىنىڭ مۇقەددىمىسىدە ئۆزىنىڭ شەيخ مەجدىددىنغا بولغان ئىخلاسىنى نامايان قىلغان ۋە ئۇنىڭ ئۇۋەيسىي ئىكەنلىكىنى ئېيتقان.

بۇ يەردىكى ئۇۋەيسىي تەسەۋۋۇپقا خاس ئاتالغۇ بولۇپ، ئۇ تەرىقەت يولىغا كىرگەن كىشىنىڭ بىۋاستە ھالدا ئۆزىدىن بۇرۇن ئۆتكەن بىرەر مەشھۇر ئۆلىمانىڭ روھىناتىدىن مەدەت ۋە تەلىم ئېلىپ تاكامۇللاشقانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. ئەمما، مەنبەلەردە مەجدىددىن باغدادىنىڭ ئۆز دەۋرىنىڭ مەشھۇر شەيخى نەجمىددىن كۇبرادىن تەلىم ئالغانلىقى تىلغا ئېلىنىدۇ. مەسىلەن، نەۋائىي «نەسايىمۇل مۇھەببەت» تە شەيخ نەجمىددىن كۇبرا ھەققىدىكى بايانلىرىنىڭ ئاخىرىدا مۇنۇلارنى يازىدۇ: «ھەزرەتى شەيخقە مۇرىدلار كۆپ ئىردىلەر، ئەمما ئالاردىن نىچەسى جەھاندا يىگانە ۋە زەماندا مۇقتەدا ۋە فەرزانە ئىردىلەر. ئانداقكى ، شەيخ مەجدىددىن باغدادى ۋە شەيخ سەئىددىدىن ھەمەۋى ۋە بابا كەمال جەندى ۋە شەيخ رەزىددىن ئەلى لالە ۋە شەيخ سەيفىددىن باخەرزى ۋە شەيخ نەجمىددىن رازى ۋە شەيخ جەمالىددىن گىيلى ۋە بەئزى دەپتۇرلاركى، مەۋلانە بەھائۇددىن ۋەلەدكى، ھەزرەتى مەۋلانە جالالىددىن رۇمىنىڭ ۋالىدى بولغاي ھەم ئالاردىندۇر.»

يەشمىسى: شەيخ (نەجمىددىن كۇبرا) ھەزرەتنىڭ مۇرىتلىرى كۆپ ئىدى. ئەمما، ئۇلاردىن بىر نەچچىسى

جاھاندا يېگانە، زاماندا ئېقتىدا قىلغۇچى دانىشمەن ئىدى. ئۇلار شەيخ مەجدىددىن باغدادى، شەيخ سەئىدىددىن ھەمەۋى، بابا كەمال جەندى، شەيخ رەزىددىن ئەلى لالە، شەيخ سەيفىددىن باخەرزى، شەيخ نەجمىددىن رازى، شەيخ جامالىددىن گىيلىلاردۇر. بەزىلەر ھەزرىتى مەۋلانە جالالىددىن رۇمىنىڭ دادىسى بەھائۇددىن ۋەلەدنىمۇ ئۇنىڭ مۇرىتى دەيدۇ.

دېمەك، شەيخ مەجدىددىن باغدادى شەيخ نەجمىددىن كۇبرانىڭ ئالدىنقى قاتاردىكى شاگىرتى ھېسابلىنىدۇ. شۇنداق بولغاندا شەيخ مەجدىددىن باغدادى قوش تەرەپلىمە ھەم باتىنى، ھەم زاھىر تەرەپتىن تەربىيىلىنىش شاراپىتىگە سازاۋەر بولغان ئىلىم ساھىبى ھېسابلىنىدۇ.

نەۋائىينىڭ مەلۇماتىغا قارىغاندا، ئەتتارنىڭ مەسلەكدىشى، ئەتتار تەلىماتىنىڭ ئىخلاسمەن تەرغىباتچىسى جالالىددىن رۇمىنىڭ دادىسى بەھائۇددىن ۋەلەد بىلەن ئەتتارنىڭ ئۇستازى مەجدىددىن باغدادى بىر ئۇستازنىڭ شاگىرتلىرى ھېسابلىنىدۇ. بۇنىڭدىن ئەتتار بىلەن جالالىددىن رۇمى ئوتتۇرىسىدىكى نازۇك مەنىۋى قانداشلىقنىڭ ئىزناسىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

تەسەۋۋۇپ تەلىماتى ۋە تارىخى بويىچە ئەتراپلىق يېتىشكەن سوۋېت ئىتتىپاقى يازغۇچىسى رادىي فىشنىڭ مەلۇماتىغا قارىغاندا، ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخىدىكى مەشھۇر ئايال سىياسەتۋاز، دۆلەت ئەربابى تۇركان خاتۇن مەجدىددىن باغدادىنى خارەزمشاھ ئوردىسىغا تەكلىپ قىلىپ ئۆزىگە ئۇستاز تۇتقان. ئەمما، ئوردىدىكى پىتنە ـ پاسات سەۋەبىدىن خارەزمشاھ مۇھەممەد، مەجدىددىن باغدادىنىڭ ۋاپاتى

مەنبەلەردە مىلادىيە 1217 ـ يىلى دەپ كۆرسىتىلگەن.

تەسەۋۋۇپ تارىخىدا تەرىقەت يولىغا كىرگەن مۇرىتىنىڭ بىر ئەمەس بىر نەچچە پىر ـ ئۇستازدىن تەلىم ئالغانلىقىدەك ئەھۋاللار كۆپ ئۇچرايدۇ. شۇڭا، ئەتتارنى مەيلى مەجدىددىن باغدادى، مەيلى قۇتبىددىن ھەيدەر ۋە مەيلى شەيخ رۇكنىددىندىن تەلىم ئالغان دېگەن قاراشلارنىڭ ھېچقايسىسىنى چەتكە قاققىلى بولمايدۇ .

ئەتتار نىشاپۇردا پۈتۈن ئىخلاسى بىلەن ھەر تەرەپلىمە ئىلىم تەھسىل قىلىدۇ. ئەينى چاغدا پۈتكۈل مۇسۇلمان شەرقىدە تەسەۋۋۇپ تەلىماتى بىر خىل ئاۋانگارت ئىدىيە سۈپىتىدە يۇقىرى دولقۇنغا كۆتۈرۈلگەنىدى. جۈملىدىن نىشاپۇر تەسەۋۋۇپ تەلىماتىنىڭ ئەڭ قىزغىن مەركەزلىرىنىڭ بىرى ھېسابلىناتتى. مەدرىسىلەردىكى تەلىم ـ تەربىيىنىڭ مۇھىم ھالقىسىنى تەسەۋۋۇپ تەلىماتىنىڭ نەزەرىيىۋى ۋە روھىي پرىنسىپلىرى تەشكىل قىلاتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئەتتار كىچىك چېغىدىن باشلاپلا تەسەۋۋۇپ تەلىماتىنىڭ روھى بويىچە تەربىيىلەنگەن ھەم ئۆزىمۇ بۇ تەلىماتقا ئۆزگىچە بىر مەنىۋى ئىشتىياق بىلەن يانداشقانىدى. بۇنى ئەتتارنىڭ ئۆزىمۇ يازىدۇ:

«بالىلىق ئەييامىدىن ئاشۇ تائىپىگە (يەنى تەسەۋۋۇپ ئەھلىگە) مۇھەببىتىم شۇ قەدەر كۈچلۈك ۋە جۇشقۇن ئىدىكى، ئاشۇ تائىپىنىڭ چىرايلىق سۆزلىرى مىنى ئۆزىگە تارتار، دىلىمدىن بۇ سۆزلەردىن شادلىق جىلۋىلىنەر ئىدى، ئۇ سۆزلەر قانچىلىك ئۇلۇغۋار، پەردىلەنگەن بولمىسۇن، ئۇلارنى تونۇۋالىدىغان بولغانىدىم.»



www.uyghurkitap.com

ئەتتار نىشاپۇردىكى ئىلىم تەھسىل قىلىش ۋە ئۆز ـ ئۆزىنى تەربىيىلەش جەھەتتىكى باسقۇچلارنى مەلۇم پەللىگە يەتكۈزگەندىن كېيىن ھەج ـ تاۋاپ قىلىش ئۈچۈن مەككە مۇكەررەمگە سەپەرگە چىقىدۇ. ئۇ ھەج ـ تاۋاپ ئىشلىرىنى ئادا قىلىپ بولغاندىن كېيىن مىسىر، شام، ھىندىستان قاتارلىق ئەللەرنى كېزىپ نۇرغۇنلىغان مەشھۇر شەيخلەرنىڭ سۆھبەت ۋە تەلىملىرىدىن بەھرىمەن بولىدۇ. ئىلگىرى ئالەمدىن ئۆتكەن ئەۋلىيا ـ ئەنبىيا ھەمدە شەيخ ماشايىخلارنىڭ مۇقەددەس مازارلىرى ۋە ئۇلار ياشىغان يۇرتلارنى تاۋاپ قىلىپ ئۇلار ھەققىدىكى تارىخ ۋە رىۋايەتلەرنى، ئۇلارنىڭ ھېكمەت، ئۈگۈتلىرىنى ئەتراپلىق ئۆگىنىدۇ. ئۇلار ھەققىدە يېزىلغان ئەسەرلەرنى ئىزدەپ تېپىپ ئوقۇيدۇ. ئەتتار ھەققىدىكى ئىزدىنىشلەردە، ئەتتارنىڭ ئەنە شۇنداق مەشھۇر كىشىلەر ھەققىدە مىڭ پارچە كىتاب ئوقۇغانلىقى قەيت قىلىنغان.

ئەتتار ئۇزاق سەپەردىن يەنە نىشاپۇرغا قايتىپ كېلىدۇ. بۇ سەپەر ئۇنىڭ ھاياتىدىكى يەنە بىر قېتىملىق يۈكسىلىشنىڭ ئاساسى بولۇپ قالىدۇ. بۇ جەرياندا ئەتتار ھەر قايسى جەھەتلەردىن پىشىپ يېتىلىپ تەرىقەت تەلىماتىنىڭ پېشۋاسىغا، ئىلاھىي مەرىپەت غايىسىنى جۇشقۇن جازىبە بىلەن كۈيلەيدىغان يېتۈك شائىرغا ئايلىنىدۇ.

شۇنىڭ بىلەن ئۇ كىشىلەر ئارىسىدا «فەرىدۇددىن» يەنى دىنىنىڭ يېگانىسى، «شەيخ» دېگەن شەرەپلىك پەخرىي ناملارغا سازاۋەر بولۇپ، مۇھەممەد فەرىدۇددىن ئىبىن ئىبراھىم شەيخ ئەتتار نىشاپۇرى دېگەن ئىسىم بىلەن

www.uyghurkitap.com

شۆھرەت قازىنىدۇ. شۇ سەۋەبتىن ئەتتارنىڭ كېيىنكى دەۋرلەردىكى ئىزداشلىرىدىن بولغان مەۋلانا ئابدۇرەھمان جامى ئۇنى: «ئۇنىڭ مەسنەۋىلىرى ۋە غەزەللىرىدە تەۋھىد ئەسرارى، روھ زەۋقى بىلەن ۋۇجۇد ھەقىقىتى شۇ قەدەر كۆپ ئىپادىلەنگەنكى، بۇ، تائىپىنىڭ ھېچبىرىنىڭ سۆزىدە تېپىلمايدۇ» دەپ تەرىپلىسە، ئەلىشىر نەۋائىي ئۆزىنىڭ «مەھبۇبۇل قۇلۇب» («قەلبلەر سۆيگىنى») ناملىق ئەسىرىدە ئۇنى: «ئىلاھىي مەرىپەت خەزىنىسىنىڭ جاۋاھىرلىرى بىلەن بېيىغان ۋە خەلقنىڭ تەرىپىگە ئېھتىياج سەزمىگەن»، «شېئىر يېزىشتىن مەقسىتى ئىلاھىي سىرلارنى بايان قىلىش ۋە چەكسىز مەرىپەت تارقىتىش» بولغان شەرەپلىك زاتلار قاتارىدا تىلغا ئالىدۇ. دەۋلەتشاھ سەمەرقەندى ئەتتارنى «سۇلتانۇل ئارىفىن» («ئارىپلار سۇلتانى») دەپ ئاتايدۇ ھەمدە ئۇنى: «ئۇ شەرىئەت ھەم تەرىقەتتە يېگانە، ئىشىق ۋە تەلەپكارلىق، كۆيۈش - ئۆرتىنىشتە زامانىسىنىڭ شام چىرىغى، ئىرفان دېڭىزىغا چۆمگەن، ھەقىقەت دەرياسىغا شۇڭغۇپ جاۋاھىرلار تەرگەن» دەپ يۈكسەك باھالايدۇ.

ئەتتار ئۆزىنىڭ «مەزھۇھەرۇل ئەجايىب» («مۆجىزىنىڭ كۆرۈنۈشى») ناملىق ئەسىرىدە تۆتىنچى خەلىپە ئەلى ئىبن ئەبۇتالىپقا بولغان ئىخلاسىنى ئىپادىلەيدۇ. ئەلى شىئە مەزھىپىنىڭ باشلامچىسى بولۇپ، ئەلىگە ئىخلاس قىلىش شىئە مەزھىپىگە ئىخلاس قويغانلىق بىلەن باراۋەر ئىدى. شۇڭا، بۇ ھال نىشاپۇردىكى سۈننىي مەزھىپىگە تەۋە ئۆلىمالارنىڭ غەزىپىنى قوزغايدۇ. نەتىجىدە ئەتتار شىئە مەزھىپىنى تەرغىب قىلغانلىق، «يولدىن ئازغانلىق»

گۇناھى بىلەن ئەيىبلىنىپ دەسلەپ ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنىدۇ. كېيىن جازا يېنىكلىتىلىپ ئۆيى مۇسادىر قىلىنىدۇ، ئۆزى شەھەردىن سۈرگۈن قىلىنىپ شەھەر ئەتراپىدىكى تاشلاندۇق غارلاردا تەقىب ئاستىدا ياشاشقا مەجبۇر بولىدۇ. بۇ چاغدا ئەتتار ياشىنىپ خېلىلا ھالىدىن قالغانىدى.

بىر كۈنى ئەتتار تۇرۇۋاتقان يەرگە ئۇنىڭ ئۇستازى مەجدىددىن باغدادىنىڭ يېقىن دوستى، سۇلتانۇل ئۆلىما (ئۆلىمالارنىڭ سۇلتانى) دەپ شۆھرەت قازانغان بەھائۇددىن ۋەلەد (1230 ـ يىلى ئالەمدىن ئۆتكەن) ئۇنى يوقلاپ كېلىدۇ. بۇ ئۇچرىشىشنى رادىي فىش مۇنداق بايان قىلىدۇ: «ئۇچىسىغا قارىيىپ كەتكەن پەشمەت، بېشىغا ئۇزۇن قالپاق كىيگەن، ئاجىزلاپ كەتكەن بىر بوۋاي ئىتتىك ـ ئىتتىك مېڭىپ، ئۇلارنىڭ ئالدىغا چىقتى. ئۇنىڭ يۈرۈشىدىن ئەندىشە ئەمەس، بەلكى شىددەت چىقىپ تۇراتتى. گويا ئۇ پەۋقۇلئاددە بىر مۇھىم ئىش ئۇستىدە تۇرغاندەك، تۇيۇقسىزلا بىر ئەزىز مېھمان كېلىپ، گويا كۆرۈنمەس بىر توسۇقتا دۇچ كەلگەندەك چېپىپ توختىدى ۋە ئاستا ئېگىلىپ سالام قىلدى. ئۇلار ئۇچ قېتىم تەزىم قىلىشقاندىن كېيىن، ئۆچۈپ قالغان گۈلخاننىڭ ئىككى تەرىپىدە، بىر ـ بىرىگە قارىمۇقارشى قويۇلغان تاشلارغا ئولتۇرۇشتى. بېشىغا سۇس مەللە رەڭلىك سەللە ئورىغان ئېگىز بويلۇق، سۇرلۇك قىياپەتلىك ئۆلىما كىگىزدىن دەرۋىشلەرچە ئۇچلۇق قالپاق كىيگەن، قەددى پۈكۈلگەن شائىر لام ـ جىم دېمەي، بىر ـ بىرىگە ئۇزاق تىكىلىپ تۇرۇشتى.»

www.uyghurkitap.com

ئەتتارنىڭ دىققىتىنى سۇلتانۇل ئۆلىمانىڭ 12 ياشلىق ئوغلى ئۆزىگە جەلپ قىلىدۇ. ئۇ بۇ ئوغۇلنىڭ كۆزلىرىدىن لاۋۇلداپ تۇرغان ئوت ئۇچقۇنلىرىنىڭ، پارلاپ تۇرغان ئەقىل- پاراسەت نۇرلىرىنىڭ ئىزناسىنى كۆرگەندەك بولىدۇ ھەمدە كەلگۈسىدە بۈيۈك ئادەم بولىدىغانلىقىدىن بىشارەت بېرىپ ئۆزىنىڭ «ئەسرارنامە» («سىرنامە») دېگەن ئەسىرىنى ئۇنىڭغا تەقدىم قىلىدۇ. بۇ بالا كېيىن ئەتتارنىڭ مەسلەكدىشى، ئىزدىشى سۈپىتىدە پۈتۈن مۇسۇلمان دۇنياسىدا مەشھۇر بولغان مەۋلانە جالالىددىن رۇمى ئىدى. جالالىددىن رۇمى ئەتتارنى بىلەتتى، چۈنكى ئۇ «مەنتىقۇت تەير»نى ئوقۇغانىدى.

ماتېرىياللاردا كۆرسىتىلىشىچە، ئەتتارنىڭ ئۆلۈمى تولىمۇ پاجىئەلىك بولغان. چىڭگىزخان قوشۇنى نىشاپۇرغا باستۇرۇپ كىرىپ پۈتۈن شەھەرنى بۇلاڭ - تالاڭ قىلىدۇ. ئولجا تەمەسىدە بۇلۇڭ - پۇچقاقلارنىمۇ ئاقتۇرۇپ پۇلغا يارايدىغانلىكى نەرسىلەر بولسا ئۆزىنىڭ قىلىۋالىدۇ، ھەتتا قىرغىن جەريانىدا ئامان قالغان ئادەملەرنىمۇ ئەسىر ھېسابىدا بۆلۈشۈۋالىدۇ. ئەنە شۇ قاتاردا ئەتتارمۇ بىر موڭغۇل ئەسكىرىگە ئەسىرگە چۈشىدۇ. موڭغۇل ئەسكىرى ئۇنى باغلاپ كوچىدا ئېلىپ كېتىۋاتقاندا، ئەتتارنى بىلىدىغان بىر ئادەم ئۇچراپ قالىدۇ ھەمدە موڭغۇل ئەسكىرىگە:

— قۇلۇڭنى ماڭا ساتقىن، مىڭ دىنار بېرىمەن، — دەيدۇ. موڭغۇل ئەسكىرى رازى بولۇپ تۇرغاندا ئەتتار:

— ساتما، بۇ تولىمۇ ئاز، مەن كۆپ پۇلغا يارايمەن، — دەيدۇ.

موڭغۇل ئەسكىرى ئۇنى مىڭ دىنارغا بەرمەي سۆرەپ ئېلىپ ماڭىدۇ. يولدا ئۇنىڭغا بىر موڭغۇل ئۇچرايدۇ. ئۇ ئۆز «ئولجىسى»نى ئۇنىڭغا ساتماقچى بولىدۇ. ئۇ بۇرادىرىنى مازاق قىلغان هالدا:

— مەيلى ئالاي، هەققىگە بىر تاغار سامان بېرىمەن، — دەيدۇ. شۇندا ئەتتار موڭغۇل ئەسكىرىگە:

— تېزدىن رازى بولغىن، مەن بۇنىڭدىن ئارتۇققا ئەرزىمەيمەن، — دەيدۇ.

بۇنىڭدىن غەزەپلەنگەن موڭغۇل ئەسكىرى شۇ زامان ئەتتارنى قىلىچ بىلەن چېپىپ تاشلايدۇ.

رادىي فىش ئەتتارنىڭ نېمە ئۇچۇن ئۆلۈم يولىنى تاللىغانلىقى هەققىدە «ئەتتار ئۆز جېنىنى قۇتقۇزۇشى مۇمكىن ئىدى، لېكىن ئەمدى ئۇنىڭغا هاياتنىڭ قىزىقى قالمىغانىدى» دەپ يازىدۇ.

ئەتتار نىشاپۇرغا دەپنە قىلىنىدۇ هەمدە قەبرە بېشىغا ئاددىيغىنە مەقبەرە قۇرۇلىدۇ. ئەمما، ئارىدىن بىر مەزگىل ئۆتكەندىن كېيىن، ئەتتارنىڭ مەقبەرىسى خارابىلىشىپ كېتىدۇ. ئۆزبېك ئالىمى نەجمىددىن كامىلوفنىڭ يېزىشىچە 15 ـ ئەسىرگە كەلگەندە ئەلىشىر نەۋائىي ئەتتارنىڭ مەقبەرىسىنىڭ خارابىلىشىپ كەتكەنلىكىنى ئاڭلاپ قەبرە بېشىغا كۆركەم، هەيۋەتلىك بىر مەقبەرە قۇردۇرىدۇ.

ئەتتارنىڭ تۇغۇلغان ۋە ۋاپات بولغان يىلى هەققىدىكى قاراشلار تېخى ئىشەنچلىك هالدا بىرلىككە كېلىنمىدى. كۆپ ساندىكى ماتېرىياللاردا ئۇنىڭ تۇغۇلغان ۋاقتى مىلادىيە 1119 ـ يىلى دەپ ئېلىنغان. ئەمما، «مەزهەرۇل ئاجايىب»

نىڭ بىر نۇسخىسىدا ئەتتارنىڭ بۇ ئەسەرنى 1188 - يىلى يازغانلىقىنى ۋە شۇ چاغدا ئۆزى 100 ياشتىن ئاشقانلىقىنى ئەسكەرتكەنلىكى مەلۇم. ئەگەر شۇنداق بولسا ئەتتارنىڭ 1119 - يىلى تۇغۇلغانلىقى ھەققىدىكى قاراشمۇ پۈت دەسسەپ تۇرالمايدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا ئەتتارنىڭ تۇغۇلغان يىلىنى 1136 -، ۋە 1145 - يىلى دەپ قارىغۇچىلارمۇ مەۋجۇت. ئەتتارنىڭ ۋاپات بولغان يىلى ھەققىدىكى قاراشلارمۇ بىر - بىرىگە ئۇيغۇن كەلمەيدۇ. بۇ ھەقتىكى يىل ھېسابىنى 1193 - يىلى، 1221 - يىلى دەپ قارىغۇچىلارمۇ بار. جامىي ۋە دەۋلەتشاھ سەمەرقەندىنىڭ ئەتتارنى 114 يىل ياشىغان دەپ قەيت قىلغانلىقى مەلۇم. ئەلىشىر نەۋائىي «نەسايىمۇل مۇھەببەت» تە ئەتتارنى ھىجرىيە 627 - (مىلادىيە 1231) يىلى ۋاپات بولغان ۋە 104 ياش ياشىغان دەپ يازىدۇ.

تۈركىيىلىك مۇستافا ئۇسلۇ ئۆزىنىڭ ئەتتار ھەققىدىكى بىر ماقالىسىدە «ئۇ ‹مەزھەرۇل ئەجەيىب›تە شىئەلىكنى ئىزھار قىلىدۇ ۋە ياش ۋاقتىدىن بېرى ھەزرىتى ئەلىنىڭ مۇھەببىتىنى قەلبىدە ساقلىغانلىقىنى سۆزلەيدۇ. شىئە مەزھىپىگە مايىللىقى ياشىنىپ قالغاندا ئۇنىڭ بېشىغا بالا بولغان، ‹سەمەرقەندى› تەخەللۇسلۇق سۇننىي مەزھىپىدىكى بىر مۇپتىنىڭ ‹مەزھۇرۇل - ئەجەيىب›نى تارقىتىش ئالدىدا بەرگەن پەتىۋاسى بىلەن بۇ ئەسەر كۆيدۈرۈلگەن. مۇشۇ ھادىسە تۈپەيلىدىن ئۆيى بۇلاڭ - تالاڭ قىلىنغان، ئۆزى مەككىگە قېچىشقا مەجبۇر بولغان. كېيىنكى ئەسىرى ‹لىسانۇل غەيىب› (غايىبات تىلى)نى مەككىدە يازغان» دەپ يازىدۇ.



www.uyghurkitap.com

مۇستافا ئۇسلۇبنىڭ بۇ قاراشلىرى گېرمانىيىلىك شەرقشۇناس ھېلمۇت رىتتېرنىڭ ئەتتار ھەققىدىكى قاراشلىرى بىلەن ئاساسەن ئوخشىشىپ كېتىدۇ.

كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇكى، ئەتتارنىڭ ھاياتى ھەققىدىكى قاراشلار بىر - بىرىگە ماس كەلمەيدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئەتتارنىڭ ھاياتى - پائالىيىتى ھەققىدىكى مەسىلىدە بىرەر مۇقىم خۇلاسىگە كېلىشكەن ئىمكانىيەت يار بەرمەيدۇ. ئەتتارنى پەقەت تەخمىني ھالدا 12 - ئەسىرنىڭ باشلىرىدىن 13 - ئەسىرنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىگىچە بولغان ئارىلىقتا ياشاپ ئۆتكەن دەپ قاراشقا بولىدۇ.

## فەرىدۇددىن ئەتتارنىڭ ئەسەرلىرى

ئەتتار ھاياتىدا كۆپ قېتىملىق بۇرۇلۇش ۋە تالالاشقا دۇچ كەلگەن، ھەرخىل بوران - چاپقۇنلۇق قىسمەتلەرنى باشتىن كەچۈرگەن، خاتىرجەم ياشاش ئىمكانىيىتى تولىمۇ ئاز بولغان بولۇشىغا قارىماي، ئۇنىڭ ئىجادىيىتى سەمەرىلىك بولغان. ئۇ ئۆز ھاياتىنىڭ يادنامىسى سۈپىتىدە ھەر تەرەپلىمە، چوڭقۇر ئەھمىيەتكە ئىگە نۇرغۇن ئەسەرلەرنى قالدۇرۇپ كەتتى. دەۋلەتشاھ سەمەرقەندى ئۆزىنىڭ «تەزكىرەتۇش شۇئەرا» دېگەن ئەسىرىدە ئەتتار ئەسەرلىرىنىڭ ئومۇمىي ھەجمىنى 250 مىڭ بېيىتقا يېقىن دەپ كۆرسەتكەنلىكى مەلۇم.

گېرمانىيىلىك شەرقشۇناس ھېلمۇت رىتتېرنىڭ «ئىسلام قامۇسى»دا بېسىلغان مەلۇماتىدا ئەتتار ئەسەرلىرى

يېزىلىش تەرتىپى بويىچە تۆۋەندىكىدەك كۆرسىتىلگەن:

1) «ھەيدەرنامە». بۇ ئەسەر ھازىرغىچە يېتىپ كەلمىگەن، 2) «دىۋان» — شېئىرلار، 3) «جاۋاھىرنامە»، 4) «شەرھۇل قەلب» — قەلب شەرھى. 3 -، 4 - ئەسەرنى ئەتتارنىڭ ئۆزى يوق قىلىۋەتكەن، 5) «خۇسرەۋنامە»، 6) ئەسرارنامە»، 7) مەنتىقۇت تەير»، 8) «مۇسىبەتنامە»، 9) «مۇختارنامە»، 10) «ئىلاھىينامە»، 11) «بۇلبۇلنامە»، 12) «پەندنامە» («نەسىھەتنامە»)، 13) «تەزكىرەتول ئەۋلىيا» («ئەۋلىيالار تەزكىرىسى»)، 14) «مىراجنامە»، 15) «گۇمنامە»، 16) «ۋۇسلەتنامە»، 17) «ئۇشتۇرنامە»، 18) «جەۋھەرۇز زات»، 19) «ھەللاجنامە»، 20) «بەسەرنامە»، 21) «مەزھەرۇل ئەجايىب» («مۆجىزىنىڭ كۆرۈنۈشى»)، 22) «لىسانۇل غەيب» («غايىبات تىلى»). يۇقىرىقىلاردىن باشقا «ھەفت ۋادىي» («يەتتە ۋادا»)، «ھەياتنامە» («تىرىكلىك ھەققىدە»)، «ۋەسىيەتنامە»، «كەنزۇل ھەقايىق» («ھەقىقەتلەر خەزىنىسى»). «كەنزۇل ئەسرار» («سىرلار خەزىنىسى»)، «ئىخۋانۇس سەفا» («پاك بۇرادەرلەر»)، «ۋەلەدنامە» («تۇغۇلۇش ھەققىدە»)، «مىفتاھۇل فۇتۇھ» («ھۆكۈمدارلار ئاچقۇچى») قاتارلىق ئەسەرلەر ئەتتار ئەسەرلىرىدە ئىسمى تىلغا ئېلىنمىغان بولسىمۇ تەتقىقاتچىلارنىڭ نەزىرىدە ئەتتارغا تەۋە دەپ قارىلىدۇ.

گېرمانىيىلىك شەرقشۇناس ھېلمۇت رىتتىر ئەتتار ئەسەرلىرىنى مەزمۇن ۋە ئۇسلۇب جەھەتتىن مۇنداق ئۈچ دەۋرگە بۆلۈش مۇمكىن دەپ قارايدۇ:

بىرىنچى دەۋر: بۇ دەۋردە ئەتتار شېئىرىيەتنىڭ بارلىق سىرىنى ياخشى بىلىدىغان، سەنئەتكار ئۇستاز سۇپىتىدە كۆزگە تاشلىنىدۇ. ئەسەرلىرىدىكى ئۇششاق رىۋايەتلەرگە تەسەۋۋۇپقا خاس مەنە ۋە مەزمۇنلارنى قالتىس ماھارەت بىلەن سىڭدۇرۇپ ماڭىدۇ.

ئىككىنچى دەۋر: بۇ دەۋردە ئەتتار ئىجادىيەتتە پىلان ۋە تەرتىپكە ئۇنچە ئەھمىيەت بېرىپ كەتمەيدۇ. ئەتتارنىڭ ئۆزگە خاس ئالاھىدىلىكلىرىنىڭ بىرى شۇكى، ئۇنىڭ شېئىري ئەسەرلىرىدە بىر سۆز ھەربىر مىسرانىڭ بېشىدا ئۇدا تەكرارلىنىپ كېلىدۇ. ھەتتا بىر سۆز ئارقمۇئارقا ھاياجان بىلەن 100 قېتىمدىن كۆپرەك تەكرارلىنىدىغان ئەھۋالمۇ بولىدۇ. ئەتتاردىكى بۇ خىل ئالاھىدىلىك دۇنيا ئەدەبىياتىدا يوق دېيەرلىك.

ئۈچىنچى دەۋر: بۇ دەۋردە ئەتتارنىڭ ھاياجانلىق شىددىتى سۇسلاپ بىر خىل مېخانىكىلىق، مەقسەتلىك ھالەتكە ئۆتىدۇ.

«دىۋان» — بۇ ئەتتارنىڭ غەزەل ۋە باشقا لىرىك شېئىرلىرىدىن تەركىب تاپقان شېئىرلار توپلىمى بولۇپ، ئۇنىڭدا ئەتتارنىڭ تەسەۋۋۇپ غايىلىرى بىر خىل لىرىك تۇيغۇلار بىلەن يۇغۇرۇلۇپ ئىپادىلەنگەن.

«خۇسرەۋنامە» — بۇ مەسنەۋى شەكلىدە يېزىلغان ئادەتتىكى ئىشق ـ مۇھەببەت داستانى بولۇپ، داستاندا، رىم ئىمپېرىيىسىنىڭ ئىمپېراتورى قەيسەرنىڭ بىر كېنىزىكىدىن بولغان ئوغلى خۇسرەۋ بىلەن خۇزىستان

پادىشاھنىڭ قىزى گۈل ئوتتۇرىسىدىكى مۇھەببەت ۋەقەلىرى تەسۋىرلەنگەن.

«ئەسرارنامە» — بۇ ئەتتارنىڭ تەسەۋۋۇپ روھى بىلەن سۇغىرىلغان داستانلىرىنىڭ تۇنجىسىدۇر. داستان 26 ماقالاتتىن (قىسىمدىن) ئىبارەت بولۇپ، تەسەۋۋۇپقا خاس مەزمۇنلار قىسقا ھېكايەتلەرنىڭ ۋاستىسىدە ئىزاھلانغان.

«مەنتىقۇت تەير» — بۇ ئەتتارنىڭ ئەڭ مەشھۇر ئەسەرلىرىنىڭ بىرىدۇر. داستاندا ئەتتارنىڭ پەلسەپىۋى قاراشلىرى، بولۇپمۇ ئەتتارنىڭ تەسەۋۋۇپ چۈشەنچىسى ئىنچىكە، ئەتراپلىق شەرھلەنگەن. داستان بىر ئاساسىي ھېكايە ۋە نۇرغۇنلىغان قىسسە، ھېكايەت، رىۋايەت، مەسەل، تەمسىللەردىن تەركىب تاپقان.

«مۇسىبەتنامە» — بۇ داستانمۇ ئەتتارنىڭ تەسەۋۋۇپ غايىلىرى بىلەن يۇغۇرۇلغان. بۇ داستاننىڭ ئاساسىي ھېكايىسى «مۇسىبەتنامە»، يەنى ئىلاھىي زاتنى ئىزدەش جەريانىدا قايغۇ ـ ئەلەملەرنىڭ بايانىدىن ئىبارەت بولۇپ، ئۇنىڭغا يەنە نۇرغۇن كىچىك ھېكايەتلەر كىرگۈزۈلگەن .

«مۇختەرنامە» — بۇ ئەتتارنىڭ رۇبائىيلار توپلىمى بولۇپ، رۇبائىي توپلاملىرى ئىچىدىكى قەدىمكى ئەسەرلەرنىڭ بىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

«ئىلاھىينامە» — بۇ داستان بىر ئاساسىي ھېكايە ۋە 300 دىن ئارتۇق ھېكايەت، قىسسەدىن تەركىب تاپقان بولۇپ، ئۇنىڭدا بىر پادىشاھ ئۆزىنىڭ ئالتە ئوغلىنى ئالدىغا چاقىرىپ: «دۇنيادا ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان نەرسەڭلار نىمە»

دەپ سورايدۇ. پادىشاھنىڭ بىرىنچى ئوغلى پەرلەر پادىشاھىنىڭ قىزىنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى، ئىككىنچى ئوغلى سېھىرگەرلىكنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى، ئۈچىنچىسى جامى جەمشىت (جەمشىتنىڭ جامى)نى ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى، تۆتىنچىسى ئابىھايات (ھاياتلىق سۇيى)نى ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى، ئالتىنچىسى ئالتۇنچىلىقنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى بايان قىلىدۇ. پادىشاھ ئالتە ئوغلىنىڭ ئارزۇسىغا قارىتا تەسەۋۋۇپ غايىسىدىكى ئىبرەتلىك ھېكايىلەرنى بايان قىلىپ، ئۇلارنى توغرا يولغا ئۈندەيدۇ. بۇ ھېكايىلەردە ئەتتارنىڭ پادىشاھ تىلىدىن بەرگەن مۇلاھىزىلىرى ئالاھىدە ئەھمىيەتكە ئىگە.

«بۇلبۇلنامە» — بۇ كىچىك بىر داستان بولۇپ، ئۇنىڭدا قۇشلار سۇلايمان پەيغەمبەرگە بۇلبۇل ئەتىگەنلىرى گۈلنىڭ ئىشقىدا سايراپ ئارامىمىزنى بۇزۇۋاتىدۇ، دېگەن مەزمۇندا ئەرز قىلىدۇ. سۇلايمان پەيغەمبەر بۇلبۇلنى ھۇزۇرىغا چاقىرتىدۇ ۋە بۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنى بىر ئۆمۈر پەرياد چېكىشكە ئەمر قىلىدۇ.

«پەندنامە» — بۇ ئەتتارنىڭ ئەدەپ - ئەخلاق مەسىلىلىرىگە بېغىشلانغان دىداكتىك داستانى بولۇپ، ئۇنىڭدا، كىشىلىك تۇرمۇشتىكى ھەرخىل ياخشى - يامان ئەقىدە - ئۇدۇم، ئىش - ھەرىكەت، سۆز ۋە ھادىسىلەر چوڭقۇر ئەمەلىي ئاساسلار بىلەن ئىجابىي نۇقتىدىن شەرھلەپ بېرىلگەن. بۇ ئەسەر ئىران ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا تەۋەسىدە تەلىم - تەربىيە ئىشلىرىدىكى مۇھىم دەرسلىك قاتارىدا قوللىنىلغان.

«تەزكىرەتۇل ئەۋلىيا» — بۇ ئەتتارنىڭ بىردىنبىر نەسرىي شەكىلدە يېزىلغان ئەسىرى بولۇپ، ئۇنىڭدا كۆپلىگەن ئەۋلىيالارنىڭ ئىش ـ ئىزلىرى بايان قىلىنىدۇ. بۇ ئەسەر تەسەۋۋۇپ تەلىماتىنىڭ تەرەققىيات جەريانى ۋە ئىدىيىۋى ئاساسلىرىنى تەتقىق قىلىشتا مۇھىم مەنبەلىك ئەھمىيەتكە ئىگە.

«ۋۇسلەتنامە» — بۇ ئەسەر ۋەھدەتى ۋۇجۇد غايىلىرى ۋە سوپىلارغا خاس ھېكايىلەردىن تەركىب تاپقان بولۇپ، ئۇنىڭدا مەنسۇر ھەللاجنىڭ مەۋقەسى ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدۇ.

«ئۇشتۇرنامە» — بۇ ئەسەردە بىر ئاساسىي ھېكايە بولسىمۇ، لېكىن بايان قىلىش ئۇسۇلى چېچىلاڭغۇ، ئۇنىڭدىن باشقا بۇ ئەسەردە تەكرارلىق كۆپ ئۇچرايدۇ. ئەسەرنىڭ مەركىزىي ئىدىيىسى يەنىلا تەسەۋۋۇپ تەلىماتىنى چىقىش قىلىدۇ. ئەسەردە بىر قورچاق ئويناتقۇچى ئۆز قورچاقلىرىنى سەھنىدە بىر ـ بىرلەپ ئويناتقاندىن كېيىن، ساندۇققا سېلىپ سولاپ قويىدۇ. ئەتتار بۇ ئارقىلىق ئىلاھىي زاتنىڭ ئالەمدىكى مەخلۇقاتلارنى ئەنە شۇ قورچاق قاتارىدا كۆرىدىغانلىقىغا ئىشارە قىلىدۇ. ئەسەردىكى يەنە بىر ھېكايىدە بىر مۇرىت ئىلاھىي زاتنى ئىزلەپ يەتتە قەۋەت سىرلار پەردىسىنى ئاچىدۇ ۋە ئاخىر غارايىپ بىر ئەھۋال ئاستىدا ئۆزلۈكىنى چۈشىنىدۇ. غايىبتىن كەلگەن بىر سادا ئارقىلىق مۇرىت بىر مازاردىن سىرلىق بىر كىتابنى تېپىۋالىدۇ. كىتابتا ئىلاھىي زاتقا يېتىشنىڭ يوللىرى كۆرسىتىلگەن بولۇپ، بۇ يول مەنسۇر ھەللاجنىڭ فەنا

تەلىماتى يەنى ئىلاھىي زاتنى ئىزدىگەن ئادەم ئۆزىنىڭ جىسمانىي ئىستەكلىرىدىن قۇتۇلۇشىنىڭ زۆرۈرلۈكى ھەققىدىكى تەشەببۇسى بولۇپ چىقىدۇ. بۇ ئەسەردىكى ھېكايەتلەرنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك رەمزى مەنىگە ئىگىدۇر.

«جەۋھەرۇز زات» — بۇ ئەسەردىكى ئاساسىي پىكىر ئېقىمى فەنالىق بولۇپ، ئۇنىڭدا تامچىنىڭ دېڭىزغا قوشۇلغىنىغا ئوخشاش ئىنساننىڭ ئىلاھىي زاتقا قوشۇلۇشى يولىدىكى ئوتلۇق ئىستەكلەر ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان. ئەسەرنىڭ ئاساسىي قىسمىنى ۋۇجۇدىدىكى ئىلاھىيلىقنى چۈشىنىپ ئۆزىنى دېڭىزغا ئاتقان بىر ياش بالىنىڭ ھېكايىسى تەشكىل قىلىدۇ. ئەسەردە يەنە، چۆلدە ئۆسكەن بىر قومۇشنىڭ ئىلاھىي سىرلاردىن خەۋەردار بولغانلىقى، قومۇش كېسىلىپ نەي قىلىنغاندىن كېيىن، ئاشۇ سىرلارنى پاش قىلغانلىقىدەك بىر ۋەقە بايان قىلىنىدۇ. بۇ يەردە ئەتتار قومۇشنىڭ ۋاستىسى ئارقىلىق ھەزرىتى ئەلىنىڭ ئىلاھىي سىرلارنىڭ ھامىيسى ئىكەنلىكىنى تەكىتلەيدۇ. ئەسەردە ئوتتۇرىغا قويۇلغان يەنە بىر ئىدىيە، ئىنسان ئۆزىنىڭ ماددىي پوستىدىن كېچىپ ئىلاھىي زاتنى بىلىش شەرىپىگە مۇيەسسەر بولىدۇ، دېگەندىن ئىبارەت. ئەتتار بۇ ئەسەردە ئومۇمەن ئىلاھىي زاتنىڭ ۋەسلىگە يېتىشنىڭ مۇمكىنلىكى ھەققىدىكى يۈكسەك غايىلەرنى شەرھلەيدۇ.

«ھەللاجنامە» — ئەتتار بۇ ئەسەردە ئاساسىي مەقسەتنى ھەللاجنىڭ پەزىلەتلىرىنى بايان قىلىش ۋە شەرھلەشكە قارىتىدۇ. ئەتتار مەنسۇر ھەللاج ۋە ئۇنىڭ ئىدىيىسىنى

www.uyghurkitap.com

يۈكسەك دەرىجىدە ئىدىيىلاشتۇرۇپ، ئۇنى ھەقىقەت سىرلىرىنى تونۇپ يەتكەن بەركامال ئىنساننىڭ سىمۋولى دەپ قارايدۇ. مەنسۇر ھەللاجنىڭ «ئەنەل ھەق» (مەن ھەقمەن) قارىشىنىڭ ئاساسلىرىنى ھەر تەرەپلىمە دەلىللەپ، تولۇپ تاشقان قىزغىنلىق بىلەن كۈيلەيدۇ. بۇ ئارقىلىق ئۆزىنىڭ مەنسۇر ھەللاج ئىدىيىسىگە بولغان مايىللىقىنى نامايان قىلىدۇ.

«بەسەرنامە» — بۇ ئەتتارنىڭ كىچىك داستانلىرىنىڭ بىرى بولۇپ، ئۇنىڭدىمۇ فەنا، بەقا، ئىلاھىي زاتنىڭ روھى ۋە نۇرىغا ئۆزىنى بەخشەندە قىلىش مەسىلىلىرى ئالغا سۈرۈلگەن.

«مەزھەرۇل ئەجايىب» — بۇ ئەسەر ئەتتار ئىجادىيىتىنىڭ ئۈچىنچى ئوبرازى ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا ئەتتارنىڭ ھاياتى، تەرجىمىھالىغا ئائىت قىسقا پارچىلار ۋە ئەتتارغا مۇناسىۋەتلىك باشقا مەلۇماتلارمۇ مۇشۇ ئەسەردىن ئورۇن ئالغان.

«لىسانۇل غەيب» — بۇ ئەتتارنىڭ ئاخىرقى، شۇنداقلا مەشھۇر ئەسەرلىرىنىڭ بىرى بولۇپ، ئۇنىڭدا شىئە مەزھىپىگە بولغان ھۆرمەت ۋە ئىخلاس تۇيغۇلىرى ئالاھىدە كۆزگە تاشلىنىپ تۇرىدۇ. ھەزرىتى ئەلى ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادلىرى ئىپتىخار بىلەن ئۇلۇغلىنىدۇ. ئەتتارنىڭ ئۆزىنى ئۆتكۈنچى دۇنيا غوۋغالىرىدىن خالاس قىلىپ، يوشۇرۇن، تەنھا ھالدا خۇداغا بېغىشلاشنىڭ خىسلەتلىرى ھەققىدىكى ئاشىقلارغا خاس قاراش ۋە مۇلاھىزىلىرى بايان قىلىنىدۇ.

يۇقىرىقى ئەسەرلەرنىڭ ئىچىدە «جەۋھەرۇز زات» ئۈچ كىتابتىن ئىبارەت بولۇپ، «ھەللاجنامە» بىلەن «ۋۇسلەتنامە» شۇ ئەسەرگە تەۋە ئىككى كىتاب ھېسابلىنىدۇ دېگەن قاراشلارمۇ مەۋجۇت. ھەتتا بەزىلەر، يۇقىرىقى ئەسەرلەر ئىچىدىكى بىر قىسىم مەشھۇر ئەسەرلەرنى ئەتتارغا تەۋە ئەمەس، باشقىلار تەرىپىدىن يېزىلغان دېگەندەك قاراشلارنى ئوتتۇرىغا قويغان. بۇلار ئەتتار ئەسەرلىرىنى قېزىش، نەشر قىلىش ۋە تەتقىق قىلىشتا بىر خىل ئۈچۈر ھېسابلىنىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىدىئى ئادرېسى

# پەندنامە[1]

## سۈكۈت قىلىشنىڭ پايدىسى

ئەي قېرىنداش، سەن ھەقنى ئىزدەيدىغان ئىنسان بولساڭ، ھەق سۆزدىن باشقا ئىشقا ئېغىز ئاچما. ئەگەر ئۆلمەيدىغان تەڭرىگە دائىر بىلىمىڭ بار بولسا، ئاغزىڭغا سۈكۈت مۆھۈرىنى باس. بالام، نەسىھەتنى ئاڭلا، قۇتۇلۇشنى ئىستىسەڭ، تىلىڭنى تارت. كۆپ گەپ قىلىدىغانلارنىڭ كۆكرەك قەپىسىدە يۈرىكى كېسەلدۇر.

ئاقىللارنىڭ ئادىتى سۈكۈت، جاھىلنىڭ ئادىتى ئۇنتۇغاقلىقتۇر. ئادەمگە غەيۋەت ۋە يالغانچىلىقتا قارىغاندا، سۈكۈت كېرەكتۇر. توختىماي سۆزلەشكە ئادەتلەنگەن كىشىلەر ئەخمەقتۇر. قېرىندىشىم، ھەقنى ياد ئەتمەكتىن باشقا سۆز سۆزلىمە. توغرا سۆزنىمۇ خەلقنى خاتالاشتۇرۇش يولىدا سەرپ قىلما. توختىماي سۆزلەشكە ئادەتلەنگەنلەرنىڭ قانداق ھۈنىرى بار بولسا، ھەممىسىنى مۇشۇ ئىش ئۈچۈن سەرپ قىلار. كۆپ سۆزلەش يۈرەكنى بەدەن ئىچىدە ئۆلتۈرەر. ئۇنداق سۆزلەر كۆپىنچە غەيۋەت ـ شىكايەتتىن باشقا نەرسە بولماس.

---

[1] ۋەلى كېرىم كۆكئالپ نەشرگە تەييارلىغان.

سەنئەتلىك سۆز سۆزلەشكە كۇچەيدىغانلارمۇ كۆڭۈللەرگە ئىزتىراپ سالار. تىلىڭنى ئاغزىڭغا سولا، خەلقتىن ھېچنېمە كۇتمە، ئۆز ئەيىبىڭنى كۆرەلەيدىغانلارنىڭ روھلىرىدا بىر قۇۋۋەت نامايان قىل.

## پادىشاھلارغا زەرەرلىك ئىشلار

ئەي قېرىنداش، تۆت خىل خۇي پادىشاھلارغا زىيان يەتكۈزۈر. پادىشاھ ھەركىمنىڭ يېنىدا قاقاقلاپ كۇلسە، شۇبھىسىزكى، ھەيۋىسىگە تەسىر يېتەر.

ھەرقانداق پېقىر كىشى بىلەن ئولتۇرۇپ ـ قوپۇشمۇ پادىشاھلارنىڭ ھۆرمىتىنى ئازايتۇر. يەنە ئاياللار بىلەن كۆپ خىلۋەتتە بولسا، ئۆزىنى ھۆرمەتسىز بىر شاھ مەۋقەسىگە چۈشۈرۈر. جاھانغا ھۆكۈمدارلىق قىلىش قۇدرىتىگە ساھىب بولغانلار خەلقنى قاقشاتماسلىق جەھەتىگە مەيىل كۆرسىتۇر. پادىشاھلارغا ئادالەت ۋە كەرەم يارىشۇر. تاكى ئالەمگە بۇ نېمەتلەر بىلەن سۆيۈنۈش، پاراغەت كەلتۈرسۇن. پادىشاھ بىر قېتىم زۇلۇم قامچىسىنى كۆتۈردىمۇ، ئۇنىڭغا نە قوشۇنىنىڭ، نە خەزىنىسىنىڭ پايدىسى بولماس. ئەمما، ئۇ ئادالەتلىك ۋە تەبەسسۇم چىراي بولسا، مەملىكەتنى ياخشى تۇتار. سۇلتان بىر لەشكەرلەرگە نىسبەتەن كەرەم ۋە ئېھساندا بولسا، ئۇنىڭ ھەققىدە يۈزلەرچە ئىنسان جان ۋە باشلىرىنى پىدا قىلىدۇ.

## گۈزەل خۇيلار بايانىدا

تۆت ئىش بۇيۇكلۇككە دەلىلدۇر. مۇنۇ سۆپەتلەرگە

www.uyghurkitap.com

ساھىب بولغان كىشى بۈيۈكلۈك تاپۇر: ئىلىمگە ھېسابسىز ھۆرمەت كۆرسىتىش، خەلققە توغرا جاۋاب بېرىش، ئىرپان ۋە ئەقىل ساھىبلىرىنى، ئىلىم ۋە ئەقىل ئەھلى بولغانلارنى ئېتىبارلىق كۆرۈش.

ئەي قېرىنداش، سەن ئەقىللىق ئىنسان بولساڭ، خەلققە نىسبەتەن شېرىن سۆزلۈك بول. مۇز چىراي، ئاچچىق سۆزلۈك كىشىلەردىن دوستلىرى يۈز ئۆرۈيدۇ. دۈشمەندىن ساقلانمىغان كىشى ئاخىر ئۇنىڭدىن جاپا ۋە زەرەر كۆرەر. دۈشمەننى يېنىڭغا يېقىنلاشتۇرما، ئۇنىڭدىن يىراق تۇرۇش خەيرلىكتۇر. دائىم دوستلار بىلەن بىللە بول، قولۇڭدىن كەلسە دۈشمەنلىرىڭ يۈزىنى كۆرمەسلىككە تىرىش. دوستلار ئارىسىدا خۇشال ياشا، ئەقلىڭ بار بولسا، دۈشمىنىڭدىن يىراق قاچ. ئەي ئوغۇل، ئوزۇق يولىنى ئىزدە، غەيۋەت - شىكايەتلەرنى بىر ياقا تاشلا.

## تەھلىكىلىك ئىشلار

ئەي قېرىنداش، تۆۋەندىكى ئىشلاردا تەھلىكە باردۇر، قولۇڭدىن كەلسە، ئۇلاردىن ساقلان، يامانلارغا دوستلۇق، دۇنيا سۆيگۈسى، ئايال چۈشكۈنلۈكى. يارىماسلار بىلەن ئولتۇرۇپ - قوپماق جاھاننىڭ ئۆلۈمىدۇر.

دۇنيانى تېشىدىن ھەرقانچە رەڭلىك ۋە نەقىشلىك كۆرسەتسىمۇ، ئۇنىڭ ئىچىدە يىلاننىڭكىدەك زەھەر توشار. ئۇ كۆرۈنۈشتە گۈزەل ۋە كۆڭۈل تارتقۇچىدۇر، ئەمما زەھەرلىرى بىلەن جاننى تەھلىكىگە ئۇچرىتار. بۇ نەقىشلىك يىلاننىڭ

زەھىرى ئۆلتۈرگۈچىدۇر. ئەقىللىق ئىنسان ئۇنىڭدىن يىراق تۇرىدۇ. بالىلاردەك سېرىق، قىزىل رەڭگە ئەسرا بولما، ئايالللاردەك رەڭ ۋە پۇراققا ئالدانما. دۇنيا دېگەن ئالدىغۇچى، كېلىندەك گىرىم قىلغان كىشىنىڭ مەقسىتى ھەرقاچان باشقا بىر خوجا ئىستىمەكتۇر.

بەختىيار كىشى شۇدۇركى، ئۇ جۇپتىنى ئۆزى بىلەن بىرگە ياشىنىتىدۇ، ئەمما ھەددىدىن بەك ئاشقان خوتۇنغا چېكىنگەچ ئۇچتىن توققۇزغىچە ئۆزىدىن ئايرىلىش قەغىزى بېرىدۇ. چۈنكى، بۇ ياسانچۇق خوتۇن ئاۋۋال خوجىسىغا كۈلگەن ئېغىزلىرى بىلەن سۆيگۈ سۇنۇپ، ئارقىدىن ئۇنى تىل يارىسى بىلەن ئۆلتۈرگۈچى بىر ۋاپاسىزدۇر.

## ئەخمەقلىقنىڭ ئالامەتلىرى

ئەخمەقلىقنىڭ تۆت ئالامىتى باردۇر، ساڭا بۇلارنى سۆزلەپ بېرەي: ئۆز ئەيىبىنى كۆرمەي، باشقىلارنىڭ قۇسۇرىنى ئىزدەش؛ كۆڭلىگە خەسىسلىك ئۇرۇقى چاچقان ھالدا جەۋانمەردلىككە ئىنتىلمەك. خۇيى بىلەن خەلقنى رازى قىلمىغان كىشىنىڭ تەگرى ئىشىكىدە ھېچقانداق ئېتىبارى يوقتۇر. ئادىتى ناچار، خۇيلۇق بولغانىنىڭ ئىشى دائىم نەپرەت قازانماقتۇر. يامان خۇي تەندە جاننىڭ بالاسىدۇر. ناچار خۇيلۇق كىشى ئىنسان ھېسابلانمايدۇ. خەسىسلىك جەھەننەم دەرىخىنىڭ بىر شېخىدۇر. بىچارە كىشى، خەسىسمۇ قورۇ ـ جاينى ساقلايدىغان ئىتلارغا ئوخشايدۇ. خەسىس قانداقمۇ جەننەت يۈزى كۆرسۇن؟ ئۇ پىلنىڭ تاپىنى

ئاستىغا چۈشكەن بىر پاشىدۇر. خەسىسلىك پىتنىسىدىن ئۆزۈڭنى چەتكە تارتقىنىكى، ئەخمەقلەردىن ھېساپلانمايسەن.

## ئەقىل ۋە ئىلىم ئالامەتلىرى

ئەي ئەزىز، ئاقىل ۋە بىلىم ساھىبلىرى تۆت نەرسىدىن يىراق بولۇش كېرەكتۇر. ئەقىللىق ۋە بىلىملىك كىشى بىر ئىشنى قولىدىن ئىش كەلمەيدىغانلارغا تاپشۇرماسلىقى، ھۆرمەتسىزلەرگىمۇ ياخشىلىق قىلماسلىقى لازىم. ئەقلىڭ بار بولسا، يامانلىققا ھەۋەس قىلما، بۇ تۇراقسىز دۇنيادا قولۇڭنى بوش ئۆتكۈزمە. كىشى مۇلايىم ۋە ئوچۇق كۆڭۈللۈك بولسا دەردسىز ياشار. دۇنيادا ھەركىمدىن ئېشىپ كېتىشنى ئىستىسەڭ، كىشىلەرگە تۈز، نان بېرىشتە سېخىي بول.

ئۆز زامانىڭدا ئادالەت كۆرسىتىشنى ئىستىسەڭ، ئەي ئوغۇل، قول ئاستىڭدىكىلەرنى ياخشى قوغدا. بەرگەن ئۆگۈتنى يادىدا تۇتىدىغان كىشى ئۇنى باشقىلارغىمۇ ئاڭلىتالايدۇ. ئۆز ئۆگۈتلىرىگە ئۆزى ئەمەل قىلمىغان كىشىنىڭ سۆزىنى باشقىلارمۇ ئاڭلىمايدۇ. ئەي ئەقىل ئىگىسى، شەرىئەت ئىشىكىدە سەت كۆرۈنگەن ھەرقانداق نەرسىنىڭ ئەتراپىغا يولۇقما. ئىشىڭنىڭ باشتىن ـ ئاياغ توغرا بولۇشىنى ئىستىسەڭ، ئۆز ئىستىكىڭ بويىچىلا ھەرىكەت قىلما.

## كامىل ئەقىلنىڭ دەلىللىرى

تۆت نەرسە ھەركىم ئۈچۈن ياخشىدۇر. ئەي ئەزىز، بۇلارنى

ساغلام سۆزلەپ بېرەي، ئېسىڭدە تۇت: بىرىنچىسى، ياخشىلىق قىلىش؛ ئىككىنچىسى، ئەقىلنى باشقا توپلاش؛ ئۈچىنچىسى، سەۋرلىك ئادەملەر بىلەن ئولتۇرۇپ قوپماق؛ تۆتىنچىسى، خەلققە ھۆرمەت كۆرسىتىش، ۋەزىپىسىنى ئادا قىلىش.

## يامان خۇيلار

ئەي گۈزەل خۇيلۇق كىشى، يەنە تۆت تەبىئەت باردۇركى، ئۇلار بارلىق نەرسىدىن سەت ۋە قوپالدۇر. ئۇلارنىڭ بىرىنچىسى، ھەسەتخورلۇق؛ ئىككىنچىسى، ئۆچمەنلىك، بۇنىڭدىن كېيىن ماختانچاقلىق كېلۇر؛ ئۈچىنچىسى، غەزەپلىنىش؛ تۆتىنچىسى، قىزغانچۇقلۇقتۇر. ئەي ئوغۇل، بۇ خۇيلارنىڭ تورانلىرىدىن يىراق تۇر، چۈنكى بۇ قىلىقلار سەتتۇر. بۇ خۇيلاردىن پاكلىنىپ، ئالتۇندەك ساپ بول، تۇپراق بولۇشتىن ئىلگىرى تۇپراققا ئوخشاش تۈز كۆڭۈللۈك بول. ھېرىسنى تاشلىغىن ـ دە، قانائەتكە ئېرىش. ناھايەت بىر كۈنى ئۆلۈمنى چۈشەن. دائىم دوستلار بىلەن ئولتۇرۇپ ـ قوپۇشقا ئەھمىيەت بەر، قولۇڭدىن كەلسە دۈشمەن يۈزىنى ھەرگىز كۆرمە.

## تەلەيسىزلىكنىڭ ئالامەتلىرى

تەلەيسىزلىك نىشانى تۆت نەرسىدۇر. ئوچۇق كۆڭۈللۈك بولساڭ، بۇلارنى ئېسىڭدە چىڭ تۇت: ئەخمەقنىڭ پىكرىگە پىكىر قاتناشتۇرۇش، جاھىلغا پۇل بېرىش، دوستلارنىڭ

ئۆگۈتلىرىنى ئاڭلىماسلىق ھەقىقەتەن تەلەيسىزلىكتۇر. دۇنيا ئىشلىرىدىن ئىبرەت ئالمىغان كىشى، كىشىلەرنىڭ نەپرىتىگە قالۇر. ئەخمەق بىلەن مەسلىھەت قىلغان بىچارە كىشىنى مەلئۇن شەيتان لالما ئىتقا ئوخشاش خار قىلار. مېلىنى جاھىللارغا تەسلىم قىلغان ئىنسان قانداقسىگە بەختلىك بولالايدۇ؟ ئەخمەقنىڭ قولىغا پۇل كىرگەندە، ئوچۇملاپ خەجلەشنى كۆزلەر. ئەخمەق دوستتىن ئۆگۈت ئاڭلىماس، جاھىللىقى سەۋەبىدىنمۇ لەنەتكە قالار. ئەي يىگىت، زاماندىن ئىبرەت ئالغىنكى، ئەخمەقلەر قاتاردا سانالمايسەن.

## بۈيۈك ۋە مەقبۇل سۈپەتلەر

تۆت نەرسە باردۇركى، بۇلار كۆرۈنۈشتە كىچىك بولسىمۇ، ئەمما بەك مۇھىمدۇر. بۇلاردىن بىرى دۇشمەن؛ يەنە بىرى ئوت؛ ئۈچىنچىسى، ئاغرىق ـ سىلاق؛ تۆتىنچىسى بولسا، سېنى بېزىگەن بىلىمدۇر. بۇلارنى سەن كىچىك چاغلىما، دۇشمەننى كىچىك چاغلىغان كىشى بىر كۈنى ئۇنىڭ بالاسىدىن پەرياد چېكىدۇ. ئوت بىر قېتىم ئۇچقۇندىدىمۇ، پۈتۈن ئالەمنى مۇشۇ ئۇچقۇندا كۆيگەن ھالدا كۆرىسەن.

ئىلىم ئاز بولسىمۇ، ئۇنى چوڭ بىل، چۈنكى ئىلىمنىڭ ھېسابسىز قىممىتى باردۇر. ئازراق ئاغرىقنىڭمۇ چارىسىنى ئىزدە، بولمىسا ئاغرىق باشلاندىمۇ، ئاجىز بولۇپ قالغانلىقىڭنى چۈشىنىپ يېتەرسەن. باش ئاغرىقىنىڭ ئىلاجىنى ئىزدىمىگەن كىشى مىزاجىنىڭ بۇزۇلۇشىدىن

قورقماسلىقى لازىم. ئەي ئوغۇل، بىر كۈنى تىز چۆكۈشكە مەجبۇر بولۇپ قالماسلىقىڭ ئۈچۈن، دۈشمەن سۆزىدىن دائىم ساقلان، ئۇچقۇن ھالىتىدىكى ئوتنى سۇ بىلەن ئۆچۈرۈش مۇمكىندۇر، ئەمما ئۇ يالقۇنغا ئايلاندىمۇ، ئۇنىڭدىن تەڭرى ساقلىسۇن.

## رەسۋالىقتىن پەيدا بولىدىغان ئىشلار

ئەي ئوغۇل، تۆت نەرسىدىن يەنە تۆت نەرسە مەيدانغا كېلىدۇ. جاھىللىقتىن رەسۋالىق پەيدا بولىدۇ. ئاچچىقلانغاندىن كېيىن پۇشايمان قىلغانىڭ پايدىسى بولماس. شۇبھىسىزكى، كىبىردىن دۈشمەنلىك، ھۇرۇنلۇقتىن چۈشكۈنلۈك ھاسىل بولىدۇ. ئوتتۇرىدا بىر جاھىل پەيدا بولسا، خەلق ئۇنىڭ بەتبەختلىكىدىن زىيانغا ئۇچرار. ئاچچىقنىڭ كەينىگە كىرگەن جاھىلنىڭ ئېرىشىدىغىنى پۇشايماندىن باشقا نەرسە بولماس.

كىبىردىن بېشى كۆككە يەتكەن كىشىنىڭ دوستلىرى ئاخىردا ئۆزىگە دۈشمەن بولىدۇ. ھەركىم ھۇرۇنلۇقنى ئادەت قىلىۋالسا، خورلۇق بىلەن پالتىنى پۇتىغا چاپار. ئاچچىقنى يېڭەلمىگەن كىشى ئاخىردا كۆپ پۇشايمان قىلار. مىسكىن ۋە تويماس كىشى ئىنسان ئەمەس، بەلكى كالا - ئېشەكتىنمۇ ئېشىپ چۈشەر.

## ئۆزۈن داۋام قىلمايدىغان تۆت نەرسە

ئەي خوجا! تۆت نەرسىنىڭ ئۆمرى ئازدۇر. ئەي گۈزەل

يۈزلۈك ئىنسان، ياخشى ئاڭلا!

سۇلتانىنىڭ زۇلمى ئۇزۇن داۋام قىلمايدۇ. دوستلارنىڭ ئازارى ئۇزاق ۋاقىت داۋام قىلماس، ئەمما دوستۇڭ بۇنىڭدىن بەك خۇش بولۇر. قازىنىڭ كۆرسەتكەن ئىلتىپاتىنى ياتلارنىڭ دوستلۇقىغا ئوخشاش ئۆتكۈنچى دەپ بىل. ئايال كىشى مەلۇم ۋاقىت مۇھەببەتلىك كۆرۈنسىمۇ، بايلىقىڭ ئازايغانچە ئاغزىنى ئاچار. سۇلتان ئۆزىنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتىغا زۇلۇم قىلسا، ھۆكۈمدارلىقىنىڭ ئۆمرىنى قىسقارتقان بولۇر. ساڭا دوستلاردىن كەلگەن ئازارلارمۇ سۇ ئۈستىگە يازغان خەتتەك تېزلا ئۆچۈپ كېتىدۇ. ياتلار بىلەن ياشىغان ئىنسان ئۇلاردىن بەك ئاز دوستلۇق كۆرۈر. قاغا گۈلنىڭ پۇرىقىدىن سەسكەنگەندە بۇلبۇلنىڭ يولداشلىقىدىنمۇ نەپرەتلىنەر. ياتلارنىڭ دوستلۇقى كۆڭۈلنى بەك سىقىدۇ، بۇنى ھەركىم بىلۇر. ئەي ئوغۇل، ياتلارنى كۆرگەن ھامان ئۇنىڭدىن شامالدەك تېز قاچ!

## كەينىگە ياندۇرۇش مۇمكىن بولمايدىغان ئىشلار

قولدىن كەتكەندىن كېيىن قايتۇرغىلى بولمايدىغان نەرسە تۆتتۇر.

تۇيۇقسىز ئېغىزدىن چىقىپ كەتكەن سۆز يادىن چىققان ئوق. سۆزلەنگەن سۆزنى قانداقمۇ قايتۇرۇۋالالايسەن؟ يەنە ھېچكىم باشقا كەلگەن قازانى كەينىگە ياندۇرالمايدۇ. ئاتقان ئوق قانداقمۇ كەينىگە يانار؟ مانا بوشقا ئۆتكۈزۈۋەتكەن ئۆمۈرمۇ مۇشۇنىڭغا ئوخشاشتۇر. ئويلىماي گەپ قىلغان كىشى

كۆپ پۇشايمان قىلار. دېمەيدىغان گەپنى سۆزلىمىگىن، ئەمما، سۆزلەيدىغان سۆزنى يوشۇرۇپ بولالمايسەن.

ئۆمۈرنىڭ ھەربىر نەپەسىنى غەنىيمەت بىل، چۈنكى ئۇ كەتكەندىن كېيىن ھەرگىز ئارقىغا يانماس. ھېچكىم قازانى بېشىدىن كۆتۈرۈۋېتەلمەيدۇ. ئۆلۈمنى كۈتۈپ تۇرغان كىشىمۇ يامان ھەركەتتە بولغان بولىدۇ. سالامەت قېلىشنى ئىستىگەن كىشى ئاغزىغا مۆھۈر ئۇرۇشى كېرەكتۇر. ئۆمۈرگە قانچىلىك قىممەت بەرسەڭ ئەرزىيدۇ. چۈنكى، قولدىن كەتكەندىن كېيىن، ئۇنى تاپالمايسەن.

## جىمجىتلىق ۋە جەۋانمەردلىك

تۆت نەرسىدىن تۆت نەرسە چىقار. ئەي ئەزىز، بۇ نۇقتىنى مەندىن ئاڭلاپ خاتىرەڭدە چىڭ تۇت .

سۈكۈتنى ئادەت قىلغان كىشى خاتىرجەم ياشار، ھېچقانداق غەم ـ قايغۇسى بولماس. ساڭا سالامەتلىك كېرەك بولسا، سۈكۈت قىل. شۇنىڭغا ئوخشاش ياخشىلىقنى ئاشكارىلايدىغانلارمۇ خاتىرجەم بولىدۇ. يىگىت جەۋانمەردلىك بىلەن ئۇلۇغلۇق تاپۇر، شۈكۈر نېمەتنى ئارتقۇزار. نېمەتنىڭ شۈكۈر بىلەن موللىشۇر. سۈكۈت قىلىپ جىمجىت ياشىغان ئىنسان ئۈچىسىغا سالامەتلىك تونى كىيگەن بولار.

نام قازانماقچى بولساڭ، خەلققە ياخشىلىق قىل. ھەركىم مەردلىك ۋە سېخىيلىقنى ئادەت قىلسا، خەلق ئارىسىدا ھۆرمەت كۆرۈر. كىشى ياخشىلىق قىلسۇن ـ يامانلىق قىلسۇن، بىلگىنكى، ئۇنى ئۆز نەپسى ئۈچۈن

قىلغان بولۇر. ئەي قېرىنداش، قولۇڭدىن كەلسە، مەرد ۋە سېخىي بول. خەسىسلىكلەرنىڭ مىسكىنلىكىدىن ساقلانغىنكى، سېنى جەھەننەم ئوتى كۆيدۈرمىسۇن.

## بەزى خۇيلارنى مەيدانغا كەلتۈرىدىغان بىر نەچچە خۇي

تۆت نەرسىدىن تۆت نەرسە ئۈنەر. بۇ نۇقتىنى ئىدراكى يۈكسەك بولغانلاردىن باشقىسى چۈشىنەلمەس. بۇ تۆت نەرسە كىمدە ئاشكارا بولسا، ئۇلار پەيدا قىلغان تۆت خۇيىنىمۇ بىللە كۆرۈر. تىلەمچىلىك قىلغان كىشى خورلۇققا ئۇچرار. يەنە بەرىكەتنى كىچىك كۆرگەن كىشىمۇ يالغۇز قالۇر. بىر ئىشنىڭ ئاخىرىنى چۈشەنمىگەن كىشى بىر كۈنى پۇشايمان قىلار. ئىشىدا ئېھتىيات قىلمىغان كىشىنىڭمۇ كۆڭلىگە ئېغىرلىقلار كېلۇر.

سۇلتان بىلەن غوۋغاغا قوپقان كىشى ئىشنى باشتىن - ئاخىر خاراب قىلار. يامان خۇيلىرى سەۋەبىدىن يامان ئىش قىلغانلار شۇبھىسىز دوستلىرىنى قاچۇرۇپ قويار. سۇلتاندىن مەردلىك كۈتكەن كىشى مېلىنىڭ، جېنىنىڭ ئورىسىنى كولىغان بولۇر. پادىشاھقا قارشى ئىسيان كۆتۈرگەن كىشى كۈندۈزىمۇ قاراڭغۇ كېچە ئۇچۇن يانار. كىبىر بىلەن باش چايقىغانلار بۆرىگە ئوخشاش ئىنسانلاردىن يىراق ياشار.

## دۈشمەن پەيدا قىلىش ۋە قەرزدار بولۇش توغرىسىدا

ئىنسانىنى چۈشكۈنلۈككە دۇچار قىلىدىغىنى تۆت

نەرسىدۇر. ئەي ھەق سۆيگۈچى، ساڭا سۆزلەپ بېرەي، قۇلاق سال، ئۇلار: كۆپ دۈشمەن، ھېسابسىز قەرز، ئايىغى چىقماس ئىش، جان سانى كۆپ ئائىلىدۇر. قەرزگە پېتىپ قالغان مىسكىنىنىڭ ھالىغا ۋاي بولسۇنكى، ھەر دائىم قايغۇدىن قان يۇتىدۇ.

دۈشمىنى كۆپ بولغانلارنىڭمۇ كۆزلىرى دائىم خىرە بولۇر. زىممىسىگە كۆپ ئىش يۈكلەنگەنلەرنىڭ بۇ دۇنيادىكى ئىش ـ ئەمىلى بولسا، پەرياد چېكىش ۋە شىكايەت قىلىشتۇر.

## ساقلىنىشقا تېگىشلىك تۆت نەرسە

ئەي ئوغۇل، تۆت نەرسە خاتا سانىلىدۇ. ئاڭلىغىنىكى، ساڭا باشتىن ـ ئاخىر سۆزلەپ بېرەي: بىرىنچىسى، خوتۇندىن ۋاپا كۈتمەكتۇركى، بۇ ساپ ئىنسانلار ئۈچۈن چوڭ خاتادۇر. دۈشمەننى چەكلەش قانداق يالغان ھەرىكەت بولسا، يامان نەپسىنىڭ مۇرادىنى ھاسىل قىلىشمۇ ئاشۇنداقتۇر. يامانلاردىن ساقلانماسلىق قانداق چوڭ خاتالىق بولسا، يارىماسلار بىلەن يولداش بولۇش ئۇنىڭدىنمۇ بەتتۇردۇر.

## ئۆمۈرنى ئۇزارتىدىغان سەۋەبلەر

ئىنساننىڭ ئۆمرى تۆت نەرسە بىلەن ئۇزىرار. ئەي ئەزىزە، بۇ ئۇگۈتنى ئاڭلا. بىرىنچىسى، خۇش ئاۋازلارنى ئاڭلىماق؛ ئىككىنچىسى، ئايدەك گۈزەل يۈزلەرنى تاماشا قىلماق؛

www.uyghurkitap.com

ئۈچىنچىسى، قايغۇسىز ياشىماق. بۇلار ئىنساننىڭ ئۆمرىنى ئارتتۇرىدۇ.

يەنە ئىشى كۆڭلىنىڭ ئىستىكىگە ئۇيغۇن بولغان كىشىنىڭ ئۆمرىگە بەرىكەت ياغار.

## ئۆمۈرنى قىسقارتىدىغان سەۋەبلەر

ئىنساننىڭ ئۆمرىنى بەش نەرسە قىسقارتىدۇ. ئەگەردە ئاڭلىغان بولساڭ، بۇلارنى خاتىرەڭدە چىڭ تۇت، ئەي ئەزىز. بۇ بەش سەۋەبنىڭ بىرى ياشانغاندىكى موھتاجلىق، باشقىلىرى بولسا غېرىبلىق، ئۇزۇن زامان كېسەل تارتىشتۇر. بۇنىڭ بىلەن تەڭ ئۆلۈكلەرگە قارىغانلارنىڭمۇ شۈبھىسىزكى، ئۆمرى قىسقىرار. ئەي ئوغۇل، بەشىنچىسى دۈشمەن ۋەھىمىسىدۇر. ئۆمۈرگە زىيان بېرۇر. چۈنكى، كۆڭلىگە دۈشمەن قورقۇنچى سايە تاشلىغانلارنىڭ ئىشلىرى باشقىچە بولۇر. دۈشمەندىن قورقمىغىنكى، تەڭرى سېنى ھەرقانداق نەرسىدىن ساقلىسۇن.

## يۈزنى تۆكۈشكە سەۋەب بولىدىغان بەش خۇي

بالام، خەلقئالەم ئالدىدا يۈزۈم تۆكۈلمىسۇن دېسەڭ، بەش خۇيدىن يىراق تۇر. ئالدى بىلەن يالغانچىلىقنىڭ سەۋەبىدىن ئېتىبارىڭنى چۈشۈرمەسلىكىڭ ئۈچۈن خەققە يالغاننى ئاز سۆزلە. چوڭلار بىلەن غوۋغا چىقارغان كىشى

شۇبھىسىزكى، كۈچىنى يوقاتقان بولۇر.

خەققە ئەدەپسىزلىك قىلغانلار ئېتىبارىنى چۈشۈرۈۋالسا چۆچۈپ كەتمەيدۇ. ئەي گۈزەل خۇيلۇق كىشى، ھەر ئىشتا يەڭگىلتەك بولما، چۈنكى بۇ خۇي شەرىپىڭنى تۆكەر. بالام، چوڭلار بىلەن ئاز ئۇچراش، ھۆرۈنلۇق بىلەن ئېتىبارىڭنى يوقاتما. ساڭا دۇنيادا نومۇس ۋە شەرەپ لازىم بولسا، دائىم ياخشى خۇيلۇق بولۇشۇڭ كېرەكتۇر. يەڭگىلتەكلىك قىلغانلارنىڭ نومۇس ۋە ئېتىبارى ئاسان تۆكۈلەر.

خەققە توغرا سۆزدىن باشقا سۆز سۆزلىمىگىنكى، يۈزۈڭ تۆكۈلۈپ كەتمىسۇن. يالغانچىلىقتىن، خىيانەتتىن يىراق بولغىنكى، دائىم يۈزۈڭدە نۇر پارلىسۇن. ياخشىلىق بىلەن ئۆتەي دېسەڭ، ھېچكىمگە يامان سۆز سۆزلىمە. جاھاندا غەمسىز ياشاشنى ئويلىساڭ، كىشىلەرنىڭ ئەھۋالىغا كۆز قىرارتما. قۇربىڭ يەتسە، مەردلىك قىلىشقا تىرىش، بۇ ئىش بىلەن شەرىپىڭ ئارتسۇن.

جاپاغا چىداشلىق بەر ۋە ۋاپادار بول، چۈنكى بۇلار كىشىنىڭ شەرىپىنى ئارتتۇرىدىغان نەرسىلەردۇر. خەلق ئۇچۇن مەردلىك كۆرسەتكەن كىشى شۈبھىسىز ئېتىبارىنى يۈكسەلدۈرگەن بولىدۇ.

## ئەيىبلەرنى ئېنىقلاش توغرىسىدا

قېرىنداشىم، خەقنىڭ ئەيىبلىرىنى يۈزىگە

www.uyghurkitap.com

سالمىغىنىكى، باشقىلارمۇ سېنىڭ مەخپىي پەردەڭنى يىرتمىسۇن. كۆڭلۈڭنىڭ ئارزۇسىغا بېقىپ ئىش قىلمىغىنىكى، ئۇستۇڭگە پۇشايمان يۈكى يۈكلىۋالمايسەن. ئەي ھۆرمەت ئەھلى، خەقنىڭ قىممىتىنى تونۇساڭ، خەقمۇ ساڭا ھۆرمەت كۆرسىتىدۇ. ئەگەر تىلىڭنى بەك ئۇزارتىۋالغان بولساڭ، قولۇڭنى قىسقا تۇت، بىكاردىن ـ بىكار ھەر تەرەپكە قاچما.

جاھاندا بىرەر قىممەت ساھىبى بولمىغان كىشىنى تىرىك ھېسابلىما، ئۇ ئۆلۈكلەردىندۇر. قانائەتسىز كىشىنى دۇنيا مېلى قانداقمۇ باي قىلالىسۇن؟ دائىم تەڭرىدىن قورقۇش بىلەن تەڭ ئۇنىڭ رەھمىتىدىنمۇ ئۈمىدلىك ياشا. دۈشمىنىڭدىن ئەپۇ سوراپ گۇناھىڭنى تىلەش يولى بىلەن زەپەر قۇچالايسەن. تۈز كۆڭۈللۈك بول، ئەدەپلىك ياشاشقا تىرىش، گۇناھتىن ساقلانغانلارنىڭ دوستلۇقىنى ئىستە.

سەۋرچان بول، كىشىنى قاقشاتمىغىنىكى، ھۈنەر مەيداندا داڭق قازىنىسەن. زامان ئالىملىرى تەرىياقتا، جاھىللار ئۆلتۈرگۈچى زەھەرگە ئوخشايدۇ. ئەي خوجا، خەلق تەرىياقتىن شىپا تاپۇر، ئەمما زەھەردىن كىم شىپا تاپالايدۇ؟ سەۋر، مۇلايىملىق، بىلىم كۆڭۈل تەرىياقىدۇر. ھېرىس، غەرەز، ئاداۋەت بولسا ئادەمنى ئۆلتۈرگۈچى زەھەردۇر. بارلىق ياخشىلىقنىڭ بېشى خەققە نان بەرمەك (جەۋانمەردلىك كۆرسەتمەك)، ئىشىكىنى دوستلارغا ئوچۇق تۇتماقتۇر.

ھەرقانچە چوڭ ئالىم ۋە ھۈنەر ئەھلى بولساڭمۇ، يەنىلا ئۆزۈڭنى جاھىللاردىن ئۆتە دەپ ھېسابلا.

## ئەخمەق كىشىنىڭ ئالامەتلىرى

ئەخمەق ئادەمنىڭ ئىككى نىشانى باردۇر، يەنى بالىلارغا يولداشلىق، ئاياللارغا چۈشكۈنلۈك. بالام، يامان خۇي ئىنساننى هاياتتىن بەزدۇرەر. بەتخۇيلۇق كىشىنى ئۆلگەن هېسابلا، ئۇ تىرىك بولالمايدۇ. ئەيىبىڭنى يۈزۈڭگە سېلىپ سۆزلىگەن كىشى ساڭا قاراڭغۇلۇقتىن يورۇقلۇققا توغرا يول كۆرسىتۇر.

ساڭا توغرا يول كۆرسەتكەن هەربىر ئىنسانغا تەشەككۈرۈڭنى بىلدۈر. جاهان پازىللىرىنىڭ تېنى پاك بولىدۇ. سەن گۈزەل خۇي بىلەن هايا لىباسىنى كەي. هالىڭنى مۇنۇ ئىككى كىشىدىن يوشۇرما: ياخشى هەكىمدىن، هەقىقىي دوستتىن. ئىشىڭنىڭ باشتىن ـ ئاخىر توغرا يۈرۈشۈشىنى ئىستىسەڭ، ئۆز ئارزۇيۇڭغا كۆرە هەرىكەت قىلما، ئوغلۇم! قولۇڭدىن كەلسە ئاياللار بىلەن يولداشلىق قىلما، سىرىڭنىمۇ ئۇلارغا ئاچما.

ئەي ئەقىللىق كىشى، شەرىئەت ۋە ئەخلاق بابىدا تىلغا ئېلىنمىغان نەرسىلەرگە ئەسلا يېقىن يولىما. تەڭرى ساڭا هارام قىلغان نەرسىلەردىن يىراق تۇرغىنىكى، ياخشى نام قازىنىسەن، تەڭرى ئەلۋەتتە ساڭا رىزىق ئىشىكىنى ئاچقاندۇر. كۆڭلۈڭنى ئازادە تۇت، بەك ئازابلانما. قېرىنداشىم، تەبەسسۇم چىراي، خۇش سۆزلۈك بولغىنىكى، ئالەمدە جەۋانمەردلىك بىلەن داڭق قازىنىسەن. ئەي سەۋدا كىشى، ئۆلۈم

www.uyghurkitap.com

ۋەھىمىسىگە كۆپ بېرىلمە، ئۇنىڭ ۋاقتى كەلمىگۈچە ئالدى - ئارقىسىنى ھېچكىم چۈشەنمەس.

كۆڭلۈڭنى كىرلاردىن پاكىزلا، قولۇڭدىن كەلسە پىتنە - پاسات توشۇما. ئوغلۇم، ئەمىلىڭگە بەك ئىشىنىپ كەتمەي، كۆڭلۈڭنى تەڭرىنىڭ رەھمىتىگە باغلا. پۈتۈن بارلىقنىڭ ئەڭ ياخشىسى گۈزەل خۇيدۇر. كىشىلەر گۈزەل خۇينى بەك ياخشى كۆرەر. ئوغلۇم، دائىم تۈز كۆڭۈللۈك بول، شەرەپلىك ئىنسانلارنى بېزىگەن مانا مۇشۇدۇر. شەھۋەتكە ئەسىر بولغان بىچارە كىشىنى ھۆر بولسىمۇ قۇل دەپ بىل. ئەگەر تەڭرى ياخشى كۆرگەنلەرگە ئەگەشمەكچى بولساڭ، ئۇنىڭغا ئوخشاشلارنى ئۆزۈڭدىن يىراقلاشتۇر ۋە ئۇلار بىلەن ئاز كۆرۈش. قىممەتسىز كىشىنى ئىقتىدار مەۋقەسىدە كۆرسەڭمۇ، ئۇنىڭغا ياخشى تىلەك تىلەشتىن تىلىڭنى تارت. پەسنىڭ ئىشىكىگە ئاياغ باسما، ئۇنىڭغا ئۇچراپ قالساڭمۇ، ھال - ئەھۋال سورىما. قولۇڭدىن كەلسە ئەخمەقنىڭ ئىشىنى ئۆز يولىغا قويۇۋەتمە، ئۇنىڭغا ئىش بۇيرۇمىغىن، ئەمما رىغبىتىڭ ئاز بولسۇن.

## دۈشمەنلەردىن ساقلىنىش توغرىسىدا

ئەي ئەقىل ئىگىسى، دۇنيادا چۈشكۈنلۈككە گىرىپتار بولماسلىق ئۈچۈن ئىككى كىشىدىن ساقلان: ئاۋۋال غوۋغاچى تەبىئەتلىك دۈشمەندىن، ئاندىن جاھىللار بىلەن دوست بولۇشتىن يىراق تۇر. ئۆزۈڭنى دۈشمەندىن يىراقلاشتۇرۇش

بىلەن تەڭ جاھىل دوستنى يېنىڭدىن يىراق قىلىشقا تىرىش. بالام، خەلققە سەت گەپ قىلما، ئۇلارغا قاتتىق تەگسەڭ، ئۇلار سەندىن يۈز ئۆرۈيدۇ. ئەڭ گۈزەل خۇيلۇق كىمدۇر، بىلەمسەن؟ خەققە گەپ قىلماق شۇ كىشىگە يىپەك كىيىم كىيدۈرۈشتىنمۇ مەقبۇلدۇر.

ئاچچىقنى يەڭمەك ھەرقانداق باشبۇغنىڭ ئادىتىدۇر. بۇ ئىش ئاچچىق بولسىمۇ شېكەردىن تاتلىقتۇر. جاھاندا باشقىلار بىلەن ياخشى ئۆتمىگەن كىشىنىڭ ھاياتى شۈبھە يوقكى، بەك ئاچچىق ئۆتىدۇ. لەنەتگەردى ۋە خەيرسىز ئادەم، ياخشى بىلگىنكى، سۆتى بۇزۇق بىر ئىنساندۇر. ئەزىزىم، باشقىلارنىڭ گەپ ـ سۆزىدىن قۇتۇلماقچى بولساڭ، دائىم پاكىز ئىنسانلار بىلەن ئولتۇر.

## چۇشكۇنلۇك كەلتۈرىدىغان نەرسىلەر

كىشىگە قايسى خۇيلار چۇشكۇنلۇك كەلتۈرىدۇ؟ ئاڭلات دەيسەن، بۇلارنى ساڭا سۆزلەپ بېرەي: بىرىنچىسى، چاقىرىلمىغان كىشىنىڭ چىۋىندەك ھەركىمنىڭ داستىخىنىغا قونۇشى. چاقىرىلمىغان تۇرۇپ مېھمانغا بارغان كىشى خەلق نەزىرىدە پەس، چۇشكۇن ۋە ئېتىبارسىزدۇر. ئىككىنچىسى، جاھىلنىڭ خەلققە يولباشچى بولۇشىدۇر. ئاندىن دائىم جاھىللىق قىلىدىغان، خەلق بىلەن قارشىلىشىدىغان ئادەملەرنىڭ سۆزىگە ئىشەنمەك.

بۇيۇكلەردىن تېخىمۇ يۇقىرىدا ئولتۇرۇشنى

ئارزۇلىغانلارنىڭ چۈشكۈنلۈككە ئۈچرىشى يىراق ئەمەستۇر. ئۈنداق كىشىلەر سىنىڭ سۆزۈڭگە قۇلاق سالماس. يۈز سۆزۈڭ بولسىمۇ ئۇلارغا سۆزلىمە. دۈشمەنلەردىن ياردەم تىلىمە. جاھاندا بۇنىڭدىنمۇ بەتتەر چۈشكۈنلۈك يوقتۇر. نىيىتى بۇزۇقلاردىن مۇراد ئىزدىمىگىنكى، يۈزۈڭگە چۈشكۈنلۈك توزانى قونمىسۇن. ئېتىبارسىزلىق ۋە ئىرادىسىزلىك پاتقىقىغا پېتىپ قالماسلىق ئۈچۈن، خوتۇن ۋە بالىلار بىلەن ئويۇنغا بېرىلمە.

www.uyghurkitap.com

# ئىلاھنامە[1]

## داستاننىڭ باشلىنىشى

بىرىنچى ماقالە

راۋى نەقىل قىلۇركىم، بىر زامانلاردا بىر خەلىپىنىڭ ئالتە ئوغلى بار ئىدى. ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئالىيجاناب، مەغرۇر ۋە يۈكسەك ھىممەتلىك بولۇپ ئۆسكەنىدى. ھەممىسى زامان ئىلىملىرىنى ئۆزلەشتۈرۈپ دانىشمەن بولغان. ئەمما ھەربىرى ئىلىمنىڭ مۇئەييەن بىر ساھەسىدە ماھىر ئىدى. قىزىقىش ۋە ئىنتىلىشلىرىدە ئالاھىدە كۆزگە تاشلىناردى. ئاتا بىر كۈنى ئوغۇللىرىنى قېشىغا چاقىرتىپ، سۆز قىلدى:

— ھەربىرىڭىز ئالەم ئىلمىدە يېگانىئى دەۋران خەلىپە پەرزەنتلىرىسىز. ئېيتىڭلارچۇ بالىلىرىم، قانداق ئارزۇ - ئارمانلىرىڭىز بار، دۇنيادىن نېمە ئىستەيسىزلەر؟ نېمەكى ئارزۇ - ئىستەكلىرىڭىز بولسا، ماڭا بايان ئەيلەڭ. ھەربىرىڭىزنىڭ پىكرۇ ئويىڭىزنى، ئېتىقادلىرىڭىزنى بىلىپ ئالاي، شۇنىڭغا قاراپ سىزلەرگە يول كۆرسىتەي.

---

[1] بۇغدا ئابدۇللا نەشرگە تەييارلىغان.

تۇنجى ئوغلى سۆز ئېلىپ مۇنداق دېدى:

— جاھانكەشتە ئاقىللاردىن ئىشتىشىمچە، بورىيان مەملىكىتى شاھىنىڭ بىر ساھىبجامال قىزى بار ئىمىش. ئۇ ھۆسنۇ نازاكەتتە تەنھا ئىكەن، جامالى يەرۈكۆككە شولا چاچاركەن. مېنىڭ ئارزۇيۇم شۇ قىزنى ئىزدەپ تېپىپ، ئۇنىڭغا ئۆيلىنىش.

ئاتىسى ئوغلىنىڭ بۇ سۆزىدىن خاپا بولدى ۋە مۇنداق جاۋاب قايتۇردى:

— بۇ شەھۋەتپەرەسلىك، سەن شەھۋەت ھېرىسىدىن مەست سەن. جىنسىي ئالاقە ۋە تاناسىل ئەزالىرىغا قۇل بولغان ئادەمنىڭ ئۆمرى بىھۇدە ئۆتىدۇ، ۋۇجۇدى ناچار ئىشلارغا سەرپ بولىدۇ. ئەمما مەردلىك، يەنى دەرۋىشانە ساداقەت يولىغا كىرگەن خاتۇنلار بۇ شەھۋەت بەندىدىن ئازاد بولسا، ئۇ تەڭرى يولىغا كىرگەن ئەرەنلەرنىڭ شاھىغا ئايلىنىدۇ. مەن ھېكايەت قىلاي، سەن ئىشىت، پىكىر قىل، كۆزۈڭنى ئاچ، چۈنكى پاك خوتۇننىڭ ئايىغى ئاستىدىكى تۇپراقنى كۆزگە تۇتىيا قىلغۇلۇق. سەن ھەم ئۇشبۇ ھېكايەتنى تىڭلاپ، خوتۇن ساداقىتىدىن ئىبرەت ئال، ئۇنىڭ ساپاسى يامغۇرى بىلەن ھېرسۇ شەھۋەت ئوتىنى ئۆچۈر.

## ئايال ساداقىتى

خۇراساندا بىر ئايال بار ئىدى، پاكىز خۇلقلىق ئىدى.

ھۆسنۇجامالدا تەڭسىز، ئاي ۋە قۇياش ئۇنىڭ يۈزىدىن ئەندىزە ئالغاندەك ئەدەبۇ ھەلىملىكى[1] تەۋەززۇ ۋە ھاياسى يۈرەكلەرنى مەپتۇن ئېتەر ئىدى. چېچى بويى بىلەن باراۋەر، ھەلقە[2] كۆكۈل قۇشىنىڭ تۇزىقى، كۆزلىرى ئاھۇنىڭكىدەك شەھلا، قاشلىرى ئۇستا نەققاشلار سىزغان نازۇك نەقىشكە ئوخشايتتى. ئايالنىڭ نامى ئەل ئارىسىدا داستان ئىدى. ئۇنىڭ سۆزى خىزىر ئىچكەن ئابىھاياتتەك كىشىگە جان بېغىشلار، ھېقىق لەۋلىرى ئارىسىدىكى مەرۋايىتتەك قاتار چىشلىرى پەرۋەردىگارنىڭ سۇنئىدىن[3] نىشانە ئىدى. ئۇنىڭ نامىنى ئىشىتىش، تەرىپىنى ئېتىشنىڭ ئۆزى ئادەملەرگە ھالاۋەت بېغىشلار ئىدى.

ئەمما بۇ ئايال شۇنچىلىك ھۆسنۇجامال بىلەن بىرگە، ساداقەتۇ ۋاپادا ھەم يېگانە ئىدى. چەرخى گەردۇن[4] ئۇنى شىر ئەرەنلەر[5] قاتارىدا ساناپ، ئاۋايلاپ ئاسرار ئىدى. ئۇ بىر بەختىيار ئىنساننىڭ جۈپتى ھالالىدىن بولۇپ، ئېرىنى چەكسىز سۆيەر، پاك خانەدانىنىڭ[6] نۇرىدەك يارىنىڭ قەلبىنى يورۇتار، ئاڭا ئالەم ساداقەت بېغىشلار ئىدى. كۈنلەردىن بىر كۈن ئايالنىڭ ئېرى ھەجگە سەپەر قىلماقچى بولدى. بىر ئۆكىسى بار ئىدى. ھەجگە كېتىش ئالدىدا ئۆكىسىنى

[1] ئەدەبۇ ھەلىملىك ـــ مۇلايىملىق، خۇشخۇيلۇق.
[2] ھەلقە ـــ زۇلفى.
[3] سۇنئىدىن ـــ سەنئىتىدىن.
[4] چەرخى گەردۇن ـــ چەرخى پەلەك.
[5] شىر ئەرەنلەر ـــ پالۋان يىگىتلەر.
[6] پاك خانەدان ـــ پاك ئائىلە، ئۆي.

ھۇزۇرىغا چاقىرىپ، ساھىبجامال خوتۇنىنى ئۇنىڭغا تاپشۇردى. ئۆيۈمگە بىگانە ئەركەك قەدەم باسمىسۇن، يەڭگەڭنىڭ ئىسسىق ـ سوغۇقىدىن خەۋەر ئېلىپ، سودا ـ سېتىقىنى قىلىپ بېرىپ تۇر، موھتاجلىق كۆرمىسۇن، دوستىغا زار، دۈشمەنگە خار بولمىسۇن، دەپ تاپىلىدى. مالۇمۇلكىنى ئۇكىسىنىڭ قولىغا تاپشۇردى.

ئەمما ئۇكا ناكەس ۋە نائەھلى كىشى بولۇپ، مەردلىك ۋە نومۇس، سەدىقۇ ساداقەت، ئەھدۇ ۋاپادىن بىبەھرى[1] ئەر ئىدى. ئۇ ئاكىسىغا خىيانەت قىلدى، ئاكىسى ئالدىدا ئېيتقانلىرىڭىزنى بىجىرىمەن، ئامانىتىڭىزنى قايتىپ كەلگۈچە ساقلايمەن، دەپ ۋەدە بەرگەن بولسىمۇ، لېكىن ئاكا جۆنەپ كەتكەچ، بۇ ۋەدىنى بۇزدى. ئەۋۋىلىدە سودا ـ سېتىقىنى قىلىپ بەردى، روزغارىغا كېرەكلىك نەرسىلەرنى تەييارلاپ بەردى. بىراق بىر كۈنى ئۇ ئىش يۈزىسىدىن يەڭگىسىنىڭ ھۇزۇرىغا كىرديۇ، پەردە ئارقىسىدا ئولتۇرغان گۈزەل ئايالنى كۆرۈپ بىردىن كۆڭلى چۈشۈپ قالدى. بىتاقەت بولۇشقا باشلىدى، ھەتتا ھوشىنى يوقىتىش دەرىجىسىدە تىكىلىپ، ھەيران بولۇپ قاراپ قالدى. ھوشىنى يىغىشتۇرۇپ ئالغاچ، ئۆزىگە تەنبىھ بەرمەكچى بولدى، ئەمما خىيالىغا شۇ ئايالدىن باشقا نەرسە كەلمەس، قىيىنىلىپ ھاياتى كۆزىگە كۆرۈنمەيتتى. ئىشقى زورىيىپ، ئىلاجىنى تاپالماي، ئاخىر دەردىنى يەڭگىسىگە ئېيتتى. ئايالنى ئالداپ ـ سالداپ، گاھى زورلۇق، دوق ئىشلىتىپ، گاھ قىممەت

[1] بىبەھرى ــــ بەھرە ئالماسلىق.

باھالىق نەرسىلەر ۋەدە قىلىپ، ئۆزىگە رام ئەتمەكچى بولار ئىدى. ئەمما ئۇ پاك ئايالنىڭ ئىچىنى ئوت كۆيدۈرەتتى، ئايالنىڭ غەزىپى كەلدى، ئاھ چېكىپ نالە قىلغان ھالدا:

— تەڭرىدىن ئۇيالماسەن، قېنى ئاكاڭغا ساداقەت، قېنى ۋەدەڭگە ۋاپايىڭ ئامانەتكە خىيانەت قىلماسلىق قەسىمى؟

ئايالدىن دەرد جاۋابىنى ئىشىتكەن بۇ نامەرد ئادەم شەھەر قازىسى ئالدىغا بېرىپ، ئاكامنىڭ خوتۇنى بۇزۇق، زىنا بىلەن شۇغۇللىنىدۇ، دەپ تۆھمەت قىلدى. بىزنىڭ خانەدانىنى خەۋپتىن قۇتقۇزۇڭ، دەپ دەۋا قىلدى. قازى ھەم سوراپ ـ سۈرۈشتۈرمەي، ھېلىقى ئادەمنىڭ گېپىگە كىرىپ، ئايالنى گۇناھكار ھېسابلاپ، تاشبوران قىلىشقا ھۆكۈم ئەتتى. مەسۇمە ئايالنى چۆلگە ئېلىپ چىقىشتى، يول ياقىسىدىكى بىر ئېگىز جايغا باغلاپ، تاشبوران قىلدى. ھەر تامانىدىن تاش ياغدى، ئايال تاش زەربىدىن ماغدۇرسىزلىنىپ، ھوشىدىن كەتتى. ئۇنىڭ جېنى ئۈزۈلدى دەپ ئويلاپ، ئېگىزدىن يېشىپ، ئەلگە ئىبرەت بولسۇن ئۈچۈن، يول ئۈستىگە تاشلاپ كەتتى. قۇياش پېتىپ، كەچ كىردى، تۈن تارقاپ، كۈن يورۇدى. تاڭ يورۇقىدا ئايال ھوشىغا كەلدى. باھار بۇلۇتىدەك زار ـ زار يىغلاپ تەڭرىگە نالە قىلدى. نەرگەزدەك شەھلا كۆزلىرىدىن لالە يەڭلىغ قىزىل قان تامچىلىرى زەپىران يۈزى ئۆزرە ئاقاتتى. قازارا، تاڭ پەيتىدە بىر ئەرەبي[1] تۆگىسىگە مىنىپ شۇ يولدىن

---

[1] ئەرەبي — سەھرالىق ئەرەب.

ئۆتۈۋاتقانىدى. ئۇ ئايالنىڭ نالىسىنى ئىشىتىپ، تۆگىنى چۆكتۈرۈپ، ئايال ئالدىغا كەلدى.

— كىمسەن، ئەي خوتۇن، — دەپ سوئال ئەتتى ئەرەبىي، نېگە ئەھۋالىڭ بۇنداق، كىم جەبىر ئەتتى ساڭا، گۇناھىڭ نېمە؟

ئايال دېدى:

— مەن بىر زارۇ ناچار، خەستە ۋە ئاپەتتىكى ئايالمەن، ئەھۋالىمنى سورىما، سۆزلەشكە ھالىم يوق.

— تەڭرى يولىدا مەن ساڭا قارىشىمەن، — دېدى ئەرەبىي ۋە ئايالنى تۆگىسىگە ئولتۇرغۇزۇپ، ئۆيىگە ئېلىپ باردى، پەرۋىشلەپ داۋالىدى، ئايال دەردلەردىن خالاس بولدى، يارىلىرى ساقايدى، ئەسلىي ھالىغا قايتىپ، چىرايى ئېچىلدى، يەنىمۇ گۈزەل بولۇپ كۆرۈندى. بۇنى كۆرگەن ئەرەبىي ئايالغا ئاشىقى بىقارار بولۇپ قالدى. ئايالغا قاراپ، ماڭا تەگ، دەپ ئىلتىماس قىلدى. شۇندا مىسكىن ئايال كۆزىگە ياش ئېلىپ دېدى:

— مېنىڭ تىرىك يۈرگەن ئېرىم بار، قانداق قىلىپ باشقا ئەرگە تېگىمەن.

ئايال بېشىدىن ئۆتكەن ۋەقەلەرنى ئەرەبىيگە سۆزلەپ بەردى. ئەمما ئەرەبىيگە ئايالنىڭ جاۋابلىرى كەسكىن ئەمەستەك تۇيۇلدى، مىننەتدارچىلىقنى مېھرىبانلىق دەپ خىيال قىلدى. ئۆزى ھەم ئارتۇقچە مېھرىبانچىلىقلار كىرگۈزدى. بىر كۈنى خىلۋەتكە كىرىپ ئايالنى ئالدىغا چاقىردى ۋە مۇددىئاسىنى بايان ئېتىپ، ئوچۇقراق ۋە قەتئىيراق تەلەپ قىلىشقا باشلىدى. شۇنداق بىچارە ئايال

مەسۇملۇق بىلەن ئۇنىڭغا قاراپ دېدى:
— ھەي دىنا ـ دىيانەتتىن يۈز ئۆرۈگەن ئادەم، مەگەر تەڭرىنىڭ غەزىپىدىن قورقمايسەن، ھەق يولدا ماڭا ياخشىلىق قىلىپ، دەردىمنى يەڭگىللەتتىڭ، ئۆلۈمدىن خالاس ئەتتىڭ، ئەمدى بولسا دۈشمەنلىرىڭ ئىشىنى قىلىۋاتىسەنغۇ، ياخشىلىقىڭنى گۇناھقا بەدەل ئەتمە، ئىمان كەبىسىنى خاراب قىلما، ئاخىر! شۇ تەلەپلەرگە كۆنمىگىنىم ئۈچۈن بالاغا گىرىپتار بولدۇمغۇ، بېشىمغا تاشلار يامغۇردەك ياغدىغۇ. ئەمدى سەن ھەم مېنىڭدىن شۇنى ئىستەمسەن؟ ناھاتكى پاكلىقىم، پاك دىيانەتلىكىمنى سەزمىگەن بولساڭ؟ ئەگەر ۋۇجۇدۇمنى يۈز پارە قىلساڭ ھەم پاكىز تېنىمنى بۇلغاشقا قويمايمەن. ئېسىڭنى يىغ، شەھۋەت ئوتىنى قاندۇرۇش ئۈچۈن جېنىڭنى ئەبەدىي ئازابقا قويما، بارغىن، قايت بۇ نىيەتتىن.
پاك دىيانەتلىك ئايالنىڭ سىدقۇ ۋاپاغا تولغان سۆزلىرىدىن تەسىرلەنگەن ئەرەبىي پىكرىدىن قايتتى، مەسۇمە ئايالنى قىيامەتلىك سىڭىل دەپ قوبۇل ئەتتى. ئۆز ھەرىكىتى، گەپلىرىدىن ئۇيالدى، پۇشايمان قىلىپ، سارالىڭنىڭ ئىشىنى قىلدىم، دەپ خىجالەت چەكتى.
ئەمما ئەرەبىينىڭ كۆسەيدەك قاپقارا بىر زەڭگى قۇلى بار ئىدى، ئۇ بىر كۈنى ئايال ياشايدىغان ئۆيگە كىرىپ قېلىپ، ئاڭا كۆزى چۈشتى ۋە قارا قەلبىدە ئايالغا نىسبەتەن مۇھەببەت ئويغاندى. شەيدا بولغان قۇل ئىزتىراپقا چۈشۈپ، ئاھ ـ نالە قىلىشقا باشلىدى. ئايالنىڭ ۋىسالىغا يېتىش ئارزۇسى كۆڭلىدىن قاتتىق ئورۇن ئالدى. تاقەت قىلالماي،

ئەتىسى ئايالنىڭ ھۇزۇرىغا كىرىپ، كۆڭلىنى ياردى:
— مەن تۇن بولسام، سەن تولۇن ئايسەن، نېمىشقا تۇن ئاينى ئىستىمەسلىكى كېرەك؟ ئاي ھەم تۈنگە يارىشىدۇ، كەل بىرگە ئىشرەت قىلىمىز، — دېدى. مەسۇمە ئايال يەنە ئىزتىراپ يالقۇنىدا ياندى، قارا قۇلغا قاراپ دېدى:
— خوجاڭ مەندىن شۇنى ئىستىدى، ئەمما مەقسىتىگە ئېرىشەلمىدى. ئەي يۈزى قارا بەتبەخت، ساڭا يول بولسۇن، بار، ئىشىكىدىن قالما، — نائۇمىد بولغان قارا قول غەزەپلىنىپ دېدى:
— لېكىن سەن مېنى بىلمەيسەن، مىكرىم تورىغا چۈشۈپ كۆرگىنىڭ يوق ھېلى. شۇنداق بىر نەيرەڭ ئىشلىتەيكى، ھالىڭغا مايمۇنلار يىغلىسۇن.
ئايال دېدى:
— نېمە قىلساڭ بەربىر، ئېيتقىنىڭغا كۆنمەيمەن، مەن ئەمدى ھېچ نەرسىدىن قورقمايمەن.
قۇلنىڭ ئاچچىقى كەلدى، ھىيلە تورىنى توقۇپ، ئاخىرى بىر مۇدھىش جىنايەتكە قول ئۇردى. خوجىسىنىڭ بۆشۈكتە ياتقان ئېمىۋاتقان بوۋىقى بار ئىدى. بەتبەخت زەڭگى شۇ نارەسىدە گۆدەكنى ئۇيقۇلۇقىدا سويۇپ، كېيىن پىچاقتىكى قانلارنى ئاققۇزا - ئاققۇزا ئايال ياتقان ئۆيگە ئېلىپ باردى ۋە پىچاقنى ئاستا ئايالنىڭ ياستۇقى ئاستىغا تىقىپ قويدى.
ئەتىسى ئەتىگەندە بالىنىڭ ئانىسى بالىنى ئېمىتىش ئۈچۈن بۆشۈككە يېقىنلاشقاندا، دەھشەتلىك ۋەقەنى كۆرۈپ، داد - پەرياد چەكتى ۋە ھوشىنى يوقىتىپ يىقىلدى. ھوشىغا كەلگەندە چاچلىرىنى يېيىپ، يۈزلىرىنى يۇلۇپ يىغلاشقا

باشلىدى. ۋەقە ئۈستىگە كەلگەنلەر قان ئىزىدىن بېرىپ، پىچاقنى ئايال ياستۇقى ئاستىدىن تېپىۋالدى. بارچە بىر ئېغىزدىن نارەسىدىنى شۇ خوتۇن ئۆلتۈرگەن، ئۇ شۇم، ئۇ قاتىل دەپ ئەيىب قويدى. ھېلىقى زەڭگى قۇل ۋە بالىنىڭ ئانىسى ئايالنى تۇتۇۋېلىپ، شۇنداق كالتەكلىدىلەركى، ئۇنى سۆز بىلەن تەسۋىرلەش قىيىن، ئايال يېرىمجان بولۇپ سوزۇلۇپ قالدى.

ئەرەبىي ئۇنىڭغا قاراپ:

— ئەي خاتۇن، مەن ساڭا نېمە يامانلىق قىلدىم؟ كۆرسەتكەن مېھىر ـ شەپقىتىمگە مۇكاپاتىڭ شۇمۇ؟ نېمىشقا ئايەدەك بالىنى ئۆلتۈردۈڭ؟ ئېيت؟! بىگۇناھ گۆدەكنىڭ قېنىنى نېمىشقا تۆكتۈڭ، تەڭرىدىن قورقمىدىڭمۇ؟!

ئايال ئەرەبىيگە يۈزلىنىپ دېدى:

— تەڭرى ساڭا ئەقىل بەرگەن. تا ئەقلۇ ھوشۇڭنى يىغىشتۇرۇپ ئالمىساڭ، مەن ساڭا بىرەر نەرسە دېيەلمەيمەن. ئۆزۈڭ ئويلاپ كۆر، شۇنچە جاپالار چېكىپ، سەندىن ياخشىلىق كۆرگەن، ساڭا سىڭىل ئورنىدا بولغان مەندەك بىر مۇساپىر ئاجىزە شۇ مۇدھىش ئىشنى قىلىشى مۇمكىنمۇ؟

ئەرەبىي دانا ئادەم ئىدى. ئايالنىڭ بۇ ئىشنى قىلمىغانلىقىغا ئىشىنەتتى، ئەمما ئايالنىڭ بۇ ئۆيدە ئەمدى ياشىشى مۇمكىن ئەمەسلىكىنى ھەم بىلەتتى. چۈنكى بالىنىڭ ئانىسى ئەمەلىك ئىدى، ئەمدى ئىشەندۈرۈپ بولماستى. بۇ ئايالنى كۆرۈپ تۇرسا مۇسىبىتى يېڭىكلەشمەيتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئەرەبىي ئايالغا مەخپىي ھالدا ئۈچ يۈز دەرھەم مەبلەغ چىقىرىپ، ئۆيدىن

چىقىرىۋەتتى.

مەسۇمە جاپاكەش ئايالغا يەنە ئېغىر بولدى، ئۇ پۇلنى ئېلىپ يولغا چىقتى، يول يۈردى، يول يۈرسىمۇ مول يۈردى. كۈن قىزىغان پېشىن چاغدا بىر قىشلاققا كىرىپ باردى. قارىسا قىشلاق ئوتتۇرىسىدىكى يول ياقىسىدا بىر دار قۇرۇلغان بولۇپ، ئەتراپىدا ئادەملەر يىغىلغان ئىدى. ئۇلار بىر نەۋقىران يىگىتنى دارغا ئېسىش ئۈچۈن تەييارگەرلىك كۆرمەكتە ئىدى. ئايال توپقا يېقىنلىشىپ، نېمە گەپ بولۇۋاتقانلىقىنى سورۇشتۇردى. ئۇلار:

— بىزنىڭ قىشلىقىمىز ئەمىرنىڭ مۈلكى ھېسابلىنىدۇ، ئەمىر ناھايىتى زالىم ئادەم. ئۇنىڭ جارى ئەتكەن تەرتىپلىرىدىن بىرى شۇكى، ئولپاننى تۆلىيەلمىگەن ھەربىر كىشى دارغا ئېسىلىشى كېرەك، شۇنىڭ ئۈچۈن دار قىشلاق مەيدانىدا دائىمىي تۇرىدۇ. مانا بۇ يىگىت يىللىق سېلىقنى تۆلىيەلمىدى، شۇنىڭ ئۈچۈن دارغا ئېسىلىۋاتىدۇ، — دەپ جاۋاب بېرىشتى.

ئايال يەنە سورىدى:

— بىر يىللىق سېلىق مىقدارى قانچە؟

— ئۈچ يۈز دەرھەم (دىرەم)، — دەپ جاۋاب بەردى ئۇلار.

ئايال ئۆز - ئۆزىگە دېدى: تەڭرىنىڭ ئىنايىتى بىلەن سەن تاشبوراندىن، زەڭگى قۇلنىڭ پىتنىسىدىن قۇتۇلدۇڭ. ئەمدى بىر بىچارىنى ئۆلۈمدىن قۇتقۇزساڭچۇ؟ شۇ ئەندىشە - ئوي بىلەن ئۇ ئەمىر ئادەملىرىگە قاراپ دېدى:

— ئەگەر شۇ پۇلنى بەرسەم، يىگىتنى ماڭا ساتامسىلەر؟

ئۇلار رازى بولدى. ئايال يېنىدىن ئۈچ يۈز دەرھەمنى

www.uyghurkitap.com

بېرىپ، يىگىتنى قۇتقۇزدى. ئايال يەنە يولغا راۋان بولدى، يىگىت پەقەت قۇتۇلغانلىقىغا خۇرسەن بولۇپ، دەرھال ئۆز خالاسكارى ئايال ئارقىسىدىن يولغا چۈشتى. ۋاھ ئەجەب تەقدىرنىڭ ئويۇنىنى قاراڭكى، ئۇ يىگىت ھەم ئايالغا يېقىنلىشىپ، ئۇنىڭ ھۆسنۇ جامالىنى كۆرگەچ، ئۇنىڭغا ئاشىق بولسا بولامدۇ؟ ئالدىن ئايالدىن ئىلتىپات تىلىدى. بىراق رەت جاۋابىنى ئىشىتكەچ، ساراسىمە بولۇپ، پەرياد كۆتۈردى، يالۋۇرۇشقا باشلىدى. «نېمىشقا مېنى دار ئاستىدىن قۇتقۇزدۇڭ؟ داردىن قۇتقۇزدۇڭ ئىشىق ئوتىغا ئاتتىڭ، ئۆرتىدىڭ، كۆيدۈردۈڭ؟!» دەپ بوزلىدى. «ئەگەر داردا جان بەرگىنىمدە، سېنىڭدەك ئاي يۈزلۈكنىڭ ئىشقى ئوتى مېنى كۆيدۈرەلمەس ئىدى.» ئايال ئالدىدا بارار، يىگىت ئۇنىڭ ئارقىسىدىن ئەگەشكەنىدى، ئەمما يىگىت تاقەت قىلالماي ھەر زامان ئايالنىڭ يېنىدىن ئۆتەر، يولىنى توسۇپ، كۆزلىرىگە تىكىلەر، ئىلتىجا قىلار، رازىلىق ئالامىتىنى سەزمەي، ئۈمىدسىزلىنىپ، بىر پەس توختاپ قالار ۋە يەنە ئالدىغا قاراپ يۈگۈرەر ئىدى. يىگىت ئۆزىنىڭ ھالى ـ جېنىغا ئىچى ئاغرىمىغاندىن كېيىن ئايال ئۇنىڭغا قاراپ دېدى:

— ياخشىلىقىڭ مۇكاپاتى مۇشۇمۇ، بېشىمغا بالا بولار دەپ سېنى قۇتقۇزغانمىدىم؟

يىگىت ئېيتتى:

— كۆڭلۈمنى ئالدىڭ، بەلكى كۆڭۈل ئىچىدە جان بولۇپ قالدىڭ. قانداق قىلىپ جاننى تېنىمدىن سۇغۇرۇپ تاشلاي، قانداق قىلىپ سەندىن يۈز ئۆرەي، ئاخىر؟

ئايال دېدى:

— بۇنداق مۇددىئادىن كەچكىن، چۈنكى ھېچ نەرسىگە ئېرىشەلمەيسەن.

ئايال بىلەن يىگىت ئېيتىشىپ ـ تارتىشىپ، بىر دېڭىز ساھىلىغا يېقىنلاشتى. لەپتە يۈك تولغان بىر كېمە تۇراتتى. ئۇ سودىگەرلەرنىڭ كېمىسى ئىدى. ئايال دەردتىن قۇتقۇزغان ھېلىقى يىگىت مۇددىئاسى ئەمەلگە ئاشمىغانلىقىنى كۆرگەچ، ئايالدىن ئۈمىدىنى ئۈزۈپ، ئەلەمگە چىدىيالماي، ئۇنىڭغا قەست قىلىش پېيىغا چۈشتى. سودىگەرلەردىن بىرىنىڭ ئالدىغا بېرىپ:

— مېنىڭ ئاي دېسە ئاي، كۈن دېسە كۈندەك ساھىبجامال بىر كېنىزىكىم بار. پەقەت بىر ئاز مەغرۇرراق. باشقا ئەيىبى يوق. ئەگەر ئالسىڭىز، ساتماقچىمەن، — دەپ ئېيتتى. بۇ گەپلەرنى ئىشىتىپ تۇرغان ئايال ئاۋاز چىقىرىپ، مەن ئازاد كىشىمەن، چۆرى ئەمەسمەن، مېنىڭ ئېرىم بار، دەپ ئەرزى داد قىلىسىمۇ، لېكىن بىراۋ ئۇنىڭ گەپلىرىگە قۇلاق سالمىدى. سودىگەر يۈز دىنار بېرىپ، ئايالنى سېتىپ ئالدى ۋە سۆرەپ تارتىپ كېمىگە ئېلىپ چىقتى. ئالاھىدە جايغا ئورۇنلاشتۇردى. كېمە يولغا چۈشتى، سودىگەر ئايالنىڭ چىرايىنى كۆرگەچ، دىلدا شەھۋەت توپانى قوزغالدى، ئايالغا يېقىنلىشىپ، ئۆز نەپسىنى قاندۇرماقچى بولدى، ئايال قاتتىق داد سېلىپ يىغلىدى:

— ئەي ئادەملەر، مۇسۇلمانمۇ سىزلەر، ئىمانلىقمەن. مەن كېنىزەك ئەمەسمەن، ئازاد ئايالمەن. ئۇ يىگىت سىزلەرنى ئالداپ مېنى چۆرى دەپ ساتتى، مېنىڭ تىرىك يۈرگەن ئېرىم بار. ماڭا ئىشىنىڭلار، پەرۋەردىگار شاھىت.

سۆزلىرىمدە يالغان يوق، ئاخىر سىزنىڭ ھەم ئانىڭىز، سىڭلىڭىز، پەردە ئارقىسىدا تۇرغان نارەسىدە قىزىڭىز باردۇر. ئۇلارغا بىرەر گەپ بولسا، قەلبىڭىزگە لەرزە كىرىپ، قەلبىڭىز پەرىشان بولمامدۇ؟ ئۆز ئايالىڭىز، قىزىڭىز، ئانىڭىزغا راۋا كۆرمىگەن نەرسىنى نېمىشقا ماڭا راۋا كۆرىسىزلەر؟ ھىمايىسىز بىر ئايالغا رەھىمسىزلىك قىلىشنى راۋا كۆرگەن بىر ئايالغا رەھمىتىڭىز كەلسۇن.

ئۇ ئايال پاك ئىمانلىق، كارامەتلىك، مۇقەددەس ئىدى. سۆزلىرى كېمە ئەھلىگە تەسىر قىلدى. ھەممىسى ئايالغا رەھىم قىلىپ غەمخور بولدى. بىراق، مىڭ ئەپسۇس، بۇ ئۇزاققا سوزۇلمىدى. كېمە ئەھلىدىن قاي بىرىنىڭ كۆزى ئايالغا چۈشسە، ئاشىقى مۇپتىلا بولاتتى. ئۇلارنىڭ بىر ـ بىرلىرى بىلەن بولغان سۆھبىتىمۇ، غەيۋىتىمۇ شۇ ئايال ھەققىدە ئىدى. پۈتۈن كېمە ئەھلى قەلبىنىڭ كەبىسى شۇ ئايال ئىدى.

شۇندا بۇ مەسۇمە ئايال تاقەت قىلالماي، بىر كۈنى پەرۋەردىگارى ئەلەمگە نالە ۋە ئىلتىجا قىلدى:

ــــ ئەي بۇرۇ بارىم، يالغۇز تايانچىم، مەدەتكارىم، باشقا ئىلاجىم قالمىدى، مەيلى جېنىمنى ئالساڭمۇ مېنى بۇ شەھۋەت توپانىدىن، بۇ ناگاھاني بالالاردىن خالاس ئەت! پەقەت سەندىن پاناھ سورايمەن، نومۇسۇم بۇلغانمىسۇن!

ئايالنىڭ نالىسى دېڭىز ئۆزرە تارىلار، يىغىسىغا سۇدا بېلىقلار، ئاسماندا يۇلتۇزلار چىدىيالماي كۆز يېشى تۆكەر ئىدى. ئەمما ھېرىسى توپانى قەلبلەرنى مۇزلاتقان كېمىدىكى ئەركەكلەرگە بۇ نالە ـ پىغانلار تەسىر ئەتمەس ئىدى. شۇ پەيت ئايالنىڭ دۇئالىرى مۇستەجاپ بولۇپ، دېڭىز ئۈستىدە

بىر شامال قوزغالدى. شامال ئىسسىق ئىدى. ئاستا ـ ئاستا ئۇ يالقۇنغا ئايلاندى، چوڭ يالقۇن ھالقىسى ۋۇجۇدقا كەلدى ۋە بۇ يالقۇن كېمىگە يۆنەلدى. كېمە ئۇستىدە بىر لەھزە پەيدا بولدى ـ يۇ، كېمە ئەھلىنى پۇتۇنلەي كۆيدۇرۇپ كۈل قىلدى. ئەمما، ماۋۇ غايىب ئىشنى قاراڭگىم، كېمىگە، ئۇنىڭ ئىچىدىكى يۈكلەرگە ۋە ئاياللارغا ھېچبىر زىيان ـ زەخمەت يەتمىگەنىدى. ئايال پەرۋەردىگارغا شۈكرانىلەر قىلىپ، زار ـ زار يىغلىدى. ئۇ ئەمدى كېمىدە يالغۇز ئۆزىلا قالغان ئىدى. نېمە قىلىشنى بىلمەس، تەۋەككۈل يا تەڭرىم، دەپ ئىبادەت بىلەن مەشغۇل بولار ئىدى.

بىر ئاباد مەملىكەت ساھىلىغا قاراپ بارماقچى ئىدى. ئۇزاقتىن قىرغاق كۆرۈنگەندە، ئايال ئەركەكچە كىيىملەر كىيىۋالدى. بىر مۇددەتتىن كېيىن چوڭ كېمە شەھەر بەندەرگاھىغا كىرىپ باردى. قىرغاقتىكىلەر سودىگەرلەرنىڭ ھەشەمەتلىك، باي كېمىسىنى كۆرۈپ، پېشۋاز چىقتى. لېكىن كېمىدە بىر ياش «يىگىت» تىن ئۆزگە جان يوق ئىدى، بۇنى كۆرۈپ ھەيران بولغان ئادەملەر، كېمىنىڭ ئادەملىرى قېنى، بىر ئۆزۈڭ قانداق قىلىپ، ئۇزۇپ كەلدىڭ، دەپ «يىگىت» نى سوئالغا تۇتتى. «يىگىت» ئۇلارغا مۇراجىئەت قىلىپ، بۇنىڭ سەۋەبىنى، ئەھۋالىمدا نېمىلەر كەچكەنلىكىنى پەقەت پادىشاھقا ئېيتىمەن، دەپ تۇرۇۋالدى. شاھقا بۇ ۋاقىئەدىن خەۋەر يەتكۈزدىلەر. شاھ ھەم قىزىقىپ بەندەرگاھقا يېتىپ كەلدى، ئەمما ئايال ئىكەنلىكىنى شاھقا سەزدۇرمىدى.

— كېمىنى ۋە ئۇندىكى جىمى بايلىقنى ساڭا ئىنئام

ئېتىمەن، — دېدى ئايال پادىشاھقا قاراپ، — سەندىن ئىلتىماسىم شۇكى، ماڭا ئاتاپ دېڭىز قىرغىقىدا بىر ماكان قۇرساڭ، مەن ئاشۇ يەردە تائەت ـ ئىبادەت قىلاي، نامەردلەر ۋە بەدكىردارلاردىن مېنى ھىمايە قىلغىن، ئۇلار ماڭا يېقىنلاشمىسۇن. ئۆز ھالىمغا قويسۇن.

شاھ ۋە ئۇنىڭ ئەمەلدارلىرى «يىگىت» نىڭ ھەممەتۇ كارامىتى، سىدىقۇ ساداقىتىنى كۆرۈپ، گەپلىرىگە ئىشەندى ۋە ئىلتىماسىنى بەجا كەلتۈردى.

ئىبادەتخانا قۇرۇلغاندىن كېيىن، پەرىشتە مىجەزلىك مەسۇمە ئايال ئاشۇ جايغا كۆچۈپ كىردى، گويا كەبە كۆچۈپ كەلگەندەك ئىدى. دېڭىز قىرغىقىدا ئايال كۈنلىرىنى پەرھىزۇ سائادەت بىلەن تائەت ۋە ئىبادەتتە ئۆتكۈزەر، باتىنى دۇنياسى نۇرەپشان بولۇپ، خۇش خۇلقى، ھەلىملىكى ۋە كامالىتى بىلەن كىشىلەر دىلىغا ئارام ۋە ھۇزۇر بېغىشلار ئىدى. ئۇنىڭ شېۋىسى راست گويلۇق، سۈپىتى پاكىزلىق، ئەمىلى ساخاۋەت، نەپسى كارامەت، سۆھبىتى سائادەتكە يولباشچى ئىدى.

ئارىدىن كۆپ ۋاقىت ئۆتمەي، ئۇ مەملىكەتنىڭ پادىشاھى ئەجەل دامىغا گىرىپتار بولدى. ئۆلۈمىدىن ئالدىن ۋەزىرلىرى، لەشكەر بېشى، ئەمىرلىرىنى چاقىرىپ، تەقۋادار «يىگىت» نى كۆز قارىچۇقىدەك ئاسراشنى بۇيرۇدى، پادىشاھنىڭ تەختىگە ئولتۇرىدىغان مىراسخورى يوق ئىدى. «ئۇ تەقۋادار زات بىزنىڭ تازا ئېتىقادىمىز، يۇرتىمىز سائادىتىنىڭ تايانچ ۋە پاسىبانى، مېنىڭ ئورنۇمغا شۇ ئەزىز ئادەمنى پادىشاھ قىلىپ كۆتۈرۈڭلار» دەپ ۋەسىيەت قىلىپ،

www.uyghurkitap.com

ئالەمدىن كۆز يۇمدى تاجدار.

ۋەزىرلەر ۋە ئەمىرلەر ئىبادەتخانىغا ئايال ھۇزۇرىغا باردى، پادىشاھنىڭ ۋەسىيىتىنى ئۇنىڭغا يەتكۈزدى. ئايال ئەۋۋەلىدە بۇ تەكلىپكە رىغبەت كۆرسەتمىدى. زاھىدمەن، تەركىي دۇنيا قىلغان ئادەممەن، جاھاندارلىق مېنىڭ ئىشىم ئەمەس، دېدى. ئەمما ۋەزىرلەر قاتتىق تۇرۇۋالدى، سېنىڭ ساداقىتىڭ ۋە پاكلىقىڭ، ھالاللىقىڭ ۋە خۇشخۇيلۇقۇڭ بىزنى مەپتۇن ئەتتى، باھانە قىلماي تاجنى قوبۇل ئەتكىن، دېدى. شۇندا «يىگىت» ئۇلارغا قاراپ:

— مادامىكى، تاجۇتەختنى قوبۇل قىلىپ، پادىشاھ بولۇشتىن ئۆزگە چارە يوق ئىكەن، بولمىسا ماڭا بىر مۇناسىپ تەقۋادار ئايال تېپىپ بېرىڭلار، ئۆزۈمگە جۈپتى ھالال قىلىپ ئالاي. چۈنكى، پادىشاھ ئۆيلەنگەن كىشى بولۇشى كېرەك، يالغۇزلۇق ئۆزۈمنىڭ ھەم جېنىمغا تېگىۋاتىدۇ، — دېدى. ۋەزىرلەر يېڭى پادىشاھقا: «ئۆزىڭىز تاللىۋېلىڭ» دەپ يۇرتچە قىزنى سارايغا ئېلىپ كېلىشنى مەسلىھەت بەردى. پادىشاھ پەقەت ھەممە قىزلار ئانىلىرى بىلەن كەلسۇن، دەپ تەيىنلىدى. قىزلار ئانىلىرى بىلەن يىغىلغاندىن كېيىن، پادىشاھ ئەركەكلەرنىڭ ھەممىسىنى چىقىرىۋەتتى، كېيىن ئاياللار ۋە قىزلار ھۇزۇرىدا ئۆزىنىڭ ئايال ئىكەنلىكىنى ئاشكارا بايان ئەتتى. ئۇلارغا بېشىدىن ئۆتكەن سەۋدالارنى ھېكايە قىلىپ بەردى. ئەمدى بۇ گەپلەرنى ئەرلەرگىمۇ بېرىپ ئېيتىڭلار، دەپ بۇيرۇدى. ئاياللار ۋەزىرۇ ئەمىرلەرنى بۇ سىردىن ۋاقىپ ئەتتى. ھەممە ھەيران ئىدى. بىراق ساراي ئەھلى يەنە مەسلىھەتلىشىپ، تەقۋادار ئەۋلىيا

ئايال ئالدىغا كەلدى ۋە ئۇنىڭغا قاراپ دېدى:
— ياكى بىرەر دىيانەتلىك، ئادىل ۋە ئاقىل ئىنسانىنى تېپىپ، شاھلىق تەختكە ئولتۇرغۇز ياكى ئۆزۈڭ ئەرەنلەردەك بىزگە رەھنەمالىق قىل، بىز سېنىڭ ئەمرىڭنى بەجانىدىل بېجىرىمىز.
ئايال زادى مۇناسىپ ئادىل ۋە ئاقىل ئادەمنى تاپالمىدى، ئۆزى تەختتە ئولتۇرۇپ مەملىكەت ۋە پۇقرا غېمىنى يەر، ئەينى ۋاقىتتا ئىبادەتخانىغا بېرىپ تۇرار، باتىنىي - مەئرىخىي زىكرو تائەتنى كەم قىلماس ئىدى. ئۇ تەقۋادار، كارامەتلىك شاھ دەپ ئالەمگە نام تاراتتى. تەقۋادار پادىشاھنىڭ ئادىل ھۆكۈمرانلىقى تۈپەيلى مەملىكەتتە دىيانەت مۇستەھكەملەندى. خەلقنىڭ ھاياتى پاراۋان، قۇت - بەرىكەتلىك بولدى، ئادەملەر ئاسايىشتا، خاتىرجەم ياشاشقا باشلىدى. ئاپىرىن بۇنداق ئايالغا، ئۇ ھەرقانداق ئەردىن ئارتۇق! ئۇنىڭ ئاۋازى ھەممە ياققا يەتتى. بىر ساھىبقىران پادىشاھ پەيدا بولۇپتۇ، لەشكەر تارتماي دىللارنى ئىگىلەيدىغان، ئۇرۇش قىلماي ئىقلىملارغا ھۆكمى ئۆتىدىغان، ئۆزى دانا ۋە ساھىب كارامەت ئىمىش. دەۋايۇ دۇئاسى ئاسانلىق بىلەن مۇستەجاپ بولارمىش. ئۆزى خوتۇن كىشى ئىكەن، جۈپتى ھەم يوق ئىمىش... دۇنيانىڭ تۆت تەرىپىدىن شىپا ئىستەپ ئەمالار، مېيىپ - مەجرۇھلار، دەرد چەككەن كېسەلمەنلەر ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىشكە باشلىدى. ئايال دۇئاسى بىلەن ئەما كۆزلەر ئېچىلار، پېسە - ماخاۋلار ھەم تۈزۈلەر ئىدى.
بۇ ئاردا ئېرى كەئبە تاۋابىنى تۈگىتىپ، ھەجدىن

ئۆيگە قايتىپ كەلدى. قارىسا ئۆيدە ئايالى يوق. روزغارى ۋەيرانۇ خانەدانى پەرىشان، ساراي ـ راۋاقى يەر بىلەن يەكسان هالدا ئىدى. ئۇكىسىنىڭ ئىككى قولى ۋە ئىككى ئايىغى پالەچ، ئىككى كۆزى كور بولۇپ قالغانىدى. خاراب ۋە زەئىپ بىر هالەتتە ياتاتتى، ئاكا ئۇكىسىدىن:

— مېنىڭ ئۆيۈم، سۆيۈملۈك خوتۇنۇم، مال ـ مۈلكۈم نېمە بولدى؟ — دەپ سورىدى. ئۇكا جاۋاب بەردى:

— خوتۇنۇڭ ناشەرئى ئىشقا قول ئۇردى. بىر سىپاهىي بىلەن ئوينىشىپ، زىنا يولىغا كىردى. مەن بۇنى بىلىپ قالدىم ۋە قازىغا خەۋەر بەردىم. قازى شەرىئەت هۆكمى بىلەن خوتۇنۇڭنى تاشبوران قىلىشقا بۇيرۇدى. تەقدىرى شۇ ئىكەن، چۆلگە چىقىرىپ، خالايىق تاشبوران قىلدى. شۇ يەردە جان بەردى، يامانلىق جازاسى شۇ، مەن سېنىڭ نومۇسۇڭنى ساقلىدىم، سەن ئۇنى ئەمدى ئېسىڭدىن چىقار، غەم يەپ ئۆزۈڭنى قىينىما، ئامان بولساڭ دۆلىتىڭ يەنە قايتىپ كېلىدۇ.

ئايالىنىڭ ئېرى بۇ سۆزلەرنى ئىشىتكەچ، كۆڭلى غەمگە تولدى، ئۇ ئادەملەرنىڭ تەنلىك كۆزلىرىدىن ئۆزىنى ئېلىپ قاچماقچى بولاتتى، زامانە جاپاسىدىن قەلبى ئېزىلەر ئىدى. ئۇياقتا ئىنىسىنىڭ كۆزى ئاجىزلىقى، ئاياغ ـ قولى ئىشلىمىگىنى يەنە بەتتەر تەشۋىشلەندۈرەر ئىدى. شۇ سەۋەبتىن ئۇ ئۇكىسىنى داۋالاش چارىسىنى ئىزلەشكە باشلىدى. ئۇكىسىغا قاراپ دېدى:

— هەي مېهرىبان ئۇكام، بىر شەهەردە بىر ئىيسا نەپەسلىك پاك شاھ بار دەپ ئىشىتتىم، ئۆزى زور تېۋىپ

ئىمىش، دۇئاسى مېنىڭ دەردىكە داۋا ئىكەن. تالاي تىلسىزلارنىڭ تىلىنى چىقىرىپتۇ، چولاقلارنى تۇزىتىپتۇ، ئەما كۆزلەرنى ئېچىپتۇ. سېنى مەن شۇ تېۋىپقا ئېلىپ باراي، سەپەر ھازىرلىقىنى كۆر.

ھەممەتلىك ئاكىنىڭ ئۆكىسىغا رەھمى كېلىپ، ئۇنى ئاتقا مىندۈرۈپ، ئاتاقلىق تېۋىپنىڭ يۇرتى تامان راۋان بولدى. كېچىنى كېچە، كۈندۈزنى كۈندۈز دېمەي يول يۈردى. يولدا ئاتلىرى چارچاپ، بىر مەنزىلدە قوندى. ئۆي ئىگىسى مېھمانلارغا ئاش ـ نان يېدۈرۈپ، مېھرىبانلىقلار كۆرسەتتى. ئاندىن:

— ھەي مۇساپىرلار، قاياققا يول ئالدىڭلار؟ — دەپ سورىدى. بۇ ئادەم مەسۇمە ئايالنى يول ئۈستىدە نىمجان ھالدا كۆرۈپ، توڭىسىگە مىندۈرۈپ، ئۆيىگە ئېلىپ بېرىپ، پەرۋىش قىلغان ۋە زەڭگى قولنىڭ كاساپىتىدىن جاپا چەككەن ئاشۇ ساخاۋەتلىك ئەرەبىي كىشى ئىدى. ئايالنىڭ ئېرى ئۆكىسىنى كۆرسىتىپ دېدى:

— مېنىڭ بۇ ئىنىم پالەچ، ھەم كۆزى كۆرمەيدۇ، پالان شەھەردە بىر مەشھۇر تېۋىپ بار دەپ ئىشىتكەنمەن. ئۇنىڭ ئۆتكۈر نەپەسى ۋە دۇئاسىدىن ھەرقانداق دەردمەن شىپا تاپارمىش. ئۇكامنى شۇنىڭغا ئالدىغا ئېلىپ كېتىۋاتىمەن، بۇ بىچارىمۇ مەدەت تېپىپ، تۈزۈلۈپ كەتسە ئەجەب ئەمەس.

ئەرەبىي ئېيتتى:

— مېنىڭمۇ بىر زەڭگى قۇلۇم بار، قوللىرى پالەچ، كۆزى كور بولۇپ قالغان. نە تىرىكدۇر، نە ئۆلۈك، ئازابىغا كىشى تاقەت قىلالمايدۇ. ئەگەر خالىسىڭىز مەنمۇ سىزلەرگە

قوشۇلۇپ يولغا چۈشەي. شۇ قۇلنى ئېلىپ باراي، تەڭرى يار بولۇپ، بەلكى شۇ ئۇلۇغ تېۋىپتىن بۇ ھەم شىپا تاپسا ئەجەب ئەمەس.

تۆتەيلەن نەچچە كۈن مەنزىلمۇمەنزىل يول باستى، بىر قىشلاققا يېقىنلىشىپ، دەم ئېلىش ئۈچۈن بىر خانەدانغا چۈشتى. بۇ خانەدان ھېلىقى ئايال دەردتىن قۇتقۇزغان يىگىتنىڭ ئۆيى ئىكەن، يىگىتنىڭ قېرى ئانىسى بار ئىدى، ئوغلى خەستە ۋە ئەفگار بولۇپ ياتار ئىدى. تىلى ئىشلىمەس، كۆزلىرى كور، ئاياغ ـ قولى پۈتۈنلەي پالەچ ئىدى.

كەمپىر مېھمانلاردىن سوئال قىلدى:

ـــ بۇ خەستەلەرنى قەيەرگە ئېلىپ كېتىۋاتىسىلەر؟

ئۇلار جاۋاب بەردىلەر:

ـــ بىر كامىل ئىمانلىق، دۇئاسى ئىجابەت تېۋىپ ئايال چىقىپتۇ، دەپ ئىشىتتۇق. ئۇلارنى ئاشۇنىڭ ئالدىغا ئېلىپ بارماقچىمىز.

كەمپىر ئۇلارنىڭ قىسسىسىنى ئاڭلاپ، ئۆز دەردىنى ھەم بايان ئەتتى، ئوغلىنىڭ نەچچە مۇددەتتىن بۇيان ئېغىر دەردلەرگە گىرىپتار ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ، خەستە ئوغلىنى ئېلىپ، ئۇلارغا يولداش بولدى. ئۇلار كۆپ مەنزىللەر، شەھەر ۋە قىشلاقلارنى كەينىدە قالدۇرۇپ، شامۇسەھەر، تۈنۇكۈن دېمەي يول يۈرۈپ، ئايال پادىشاھ باشقۇرۇۋاتقان سائادەتلىك مەملىكەتكە كىرىپ كەلدى، ئايال پادىشاھ بۇلارنى قوبۇل قىلىپ، دەردلىرىنى ئاڭلىدى. ئەمما ئۇ بىر قاراش بىلەن ھالال جۈپتىنى يىراقتىن تونۇدى. لېكىن سىر بەرمەي تۇردى، غەم ـ غۇسسە، چەككەن خارلىقلىرىنى ئىچىگە يۇتۇپ،

شاھانە ھۆرمەت بىلەن مېھمانلارنى سىيلىدى. ئېرى بىلەن بىرگە كەلگەن ناكەس گۇمراھلارنىمۇ تونۇدى. ئاياللىنىڭ يارىلىرى يەڭگىللەندى، ئەمەللىرى تازا بولدى. لېكىن سەبىر قىلدى، گىنە ساقلىمىدى. پەقەت پەرۋەردىگارغا شۈكرانىلار قىلدى. «ئەي رەببى ئەلا، بۇ تۈزكورلارنىڭ جازاسىنى بېرىپسەن، ئەي قادىرى ھەييۇل قەييۇم، كىمىكى يامانلىق قىلسا، بالالارغا گىرىپتار بولار. بۇ مەخلۇقلارنىڭ ئەھۋالىنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆردۇم، بۇلارغا شۇ تەقدىر كۇپايە» دېدى ئىچىدە.

سوڭرە جۇپتى ھالالىغا يۈزلىنىپ دېدى:

— مېنىڭ ئالدىمغا كېلىشىڭدىن مەقسىتىڭ نېمە، مۇددىئايىڭنى بايان قىل.

— ئەي شاھى دىلپۇرۇز، — دەپ سۆز باشلىدى ئېرى، — بۇ خەستە مېنىڭ ئۇكام بولىدۇ، ھەجدىن قايتىپ كەلسەم، خانۇمانىم ۋەيران، خوتۇنۇم يوق، ئۇكام بولسا كۆزى كور، ئاياغ - قولى پالەچ بولۇپ يېتىپتۇ. شۇ بىچارە ئىنىمنىڭ دەردىگە شىپا ئىزدەپ كەلدىم.

ئىيسا نەپەس ئايال ئېيتتى:

— بۇ ئىنىمىزنىڭ بىھەد گۇناھلىرى بارغا ئوخشايدۇ. ئەگەر ئۆز گۇناھلىرىغا ئىقرار بولمىسا، شىپا تاپمايدۇ.

مەرد ھاجى ئۇكىسىغا قاراپ:

— خوش، نېمە گۇناھ قىلغانسەن، سۆزلە، — دېدى. ئۇكىسى ئەۋۋەلدە جىم تۇرۇۋەردى. ئاخىر، ئىلاجىنى تاپالماي ھەممىسىگە ئىقرار بولدى :

— خوتۇنۇڭنى تۆھمەت بىلەن تاشبوران قىلدۇرغان

www.uyghurkitap.com

مەن، — دېدى، — بۇ گۇناھىم ئۈچۈن مەھشەر كۈنى جاۋاب بېرىمەن، ئايالىڭ ساڭا ساداقەتلىك ئىدى، بىگۇناھ ئۆلۈپ كەتتى.

ئاكىسىنىڭ غەزىپى قايىندى. بىراق چىن دىلىدىن ئىقرار بولغىنى ئۈچۈن ئويلاپ كۆرۈپ، ئۆزىنى باستى. كارامەتلىك خوتۇنىمۇ ئۇنى ئەپۇ ئېتىپ، دۇئا قىلدى، شۇ دەقىقىدە دۇئاسى قوبۇل قىلىنىپ، ئۇكىنىڭ قول - ئايىغى ئەسلىگە قايتىپ، ئىشلەشكە باشلىدى. كۆزلىرى كۆرىدىغان بولدى.

كېيىن ئەرەبىي قۇلنى يېتەكلەپ كەلدى. زەڭگى قۇلمۇ گۇناھىغا ئىقرار بولۇپ، قىلغان مۇدھىش ئىشلىرىنى بىر - بىر بويىنىغا ئالدى: بالىنى ئۆزى ئۆلتۈرۈپ، خوتۇنغا تۆھمەت قىلغانلىقىنى ئېيتتى. ئايال قۇلنىڭ چىن دىلىدىن ئىقرارىنى كۆرۈپ، دۇئاغا قول كۆتۈردى ۋە قارا زەڭگى دەردلەردىن خالاس بولدى. ئوغلىنى يېتەكلەپ كەلگەن كەمپىرمۇ ئايالنىڭ ئاياغلىرىغا يىقىلىپ، ئىلتىجا بىلەن يالۋۇردى، پەرزەنتىگە شىپا تىلىدى. ئايال يەنە تەكرارلىدى:

— نېمە گۇناھ قىلغان بولسا بايان قىلسۇن، توۋا قىلسۇن، مەن سىدىقۇساداقىتىنى كۆرەي.

يىگىت توغرا سۆزدىن ئۆزگە چارە يوقلۇقىنى بىلگەچ، بولغان ۋەقەلەرنى جامائەت ئالدىدا ھېكايە قىلىپ بەردى. ئايالنىڭ مەردلىكى، ھىممىتىنى ھەم ئۆزىنىڭ ياخشىلىققا يامانلىق بىلەن جاۋاب قايتۇرۇپ، پەسلىك قىلغىنىنى ھەم سۆزلىدى. ئايال يىگىتنى كەچۈردى ۋە دەردلەرگە شىپا تىلەپ، دۇئاغا قول كۆتۈردى. يىگىت قايتا تۇغۇلغاندەك

بولۇپ، كۆزلىرى كۆرىدىغان، ئاياغلىرى، قوللىرى ئىلگىرىكىدەك ئىشلەيدىغان بولدى. مەرد ھاجى، ئەرەبىي، كەمپىر قاتارلىقلار ئىنتايىن خۇرسەن بولۇپ، مىننەتدارچىلىق ئىزھار قىلدى.
ئايال خالايىقنىڭ مۇشكۇلىنى ئاسان قىلىپ، كارامەتلەر كۆرسىتىپ، خەستىلەرنى داۋالاپ بولغاندىن كېيىن، پۇرسەت تېپىپ، ئېرىنى خىلۋەتكە چاقىردى ۋە گۇلگۇن يۈزىدىن پەردىنى كۆتۈردى. ئېرى خوتۇنىنى دەرھال تونۇپ ۋە نەرە تارتىپ شادلىقىدىن بىھوش بولۇپ يىقىلدى. ئۆزىگە كەلگەندىن كېيىن، خوتۇنى سورىدى:
— نېمىگە بۇنچە ھاياجانلاندىڭ، بىھوش بولدۇڭ؟
ئەر ئېيتتى:
— ئاخىر مەن جۈپتى ھالالىمنى تاپتىم، لېكىن سەن ئاددىي خوتۇن ئەمەسسەن، سەن رەھمەت نۇرىغا يۇغۇرۇلغان بىر زاتسەن، مەن سېنىڭ يولۇڭدا قۇربان بولۇپ، جان پىدا قىلسام ئەرزىيدۇ.
خوتۇن ئېيتتى:
— ئەي جۈپتى ھالالىم، مەن سېنىڭ ئاشۇ خوتۇنۇڭمەن، بىھەمدۇلىللاھ، تەڭرىگە مىڭ قەتلە شۈكرىكىم، دىدارىڭنى كۆردۈم، سادىق يارىم، غەمخورۇم، ماڭا سېنى تەڭرىمنىڭ ئۆزى ساق ـ سالامەت يەتكۈزدى. گەرچە سەنسىز يۈز جاپالارنى باشتىن ئۆتكۈزدۈم، تېنىم ھەسرەتۇئەلەمدىن مەجرۇھ بولدى، لېكىن ساڭا خىيانەت قىلمىدىم، ۋاپا يولىدىن چېكىنمىدىم. ھەركىمكى تەڭرىدىن قورقۇپ، سىدىقۇ ۋاپادا سابىت بولسا، ئۇنى تەڭرىنىڭ ئۆزى

مالامەتلەردىن ئېسەن ـ ئامان ساقلايدۇ.

ئىككىسى بىر ـ بىرلىرىگە يېقىنلىشىپ، ھەمدەم بولدى. بۇ ۋەقە ساراي ئەھلى ئارىسىدا پۇر بولدى. ھەممە كېلىپ مۇبارەك باد قىلدى. ئەلگە توي بېرىلدى. ئايالنىڭ ئېرى دۆلەت ئىشلىرىنى يۈرگۈزۈشتە دانا مەسلىھەتچى بولدى، ئىززەت ـ ئىكرام كۆردى، ئەرەبىينى پادىشاھ ئايال ئۆزىگە ۋەزىر قىلىۋالدى.

— مانا ۋاپالىق ئايالنىڭ سەبرۇساداقىتىدىن كەلگەن سائادەت، بۇنداق ئايال نەچچە يۈز شەھۋەتپەرەس ئەركەكتىن چوڭ ئەمەسمۇ؟

ئاتىسى ئۇشبۇ ھېكايىنى تۈگەتكەچ، ئوغۇل بىر ئاز ئويلاندى ـ دە، كېيىن ئېتىراز بىلدۈرۈپ دېدى:

— ئاتا سەن شەھۋەتنى نەپرەت بىلەن تىلغا ئالدىڭ. ئەمما ئەركەك ۋە خوتۇن كىشىنىڭ بىر ـ بىرىگە ئىنتىلىشى، مۇھەببىتىنى شەھۋەت دەپ بەتنام قىلىش ۋە بۇنى مەنئى ئېتىش توغرا. ئەركەكنىڭ خوتۇنغا ئىنتىلىشى شەھۋەت ئەمەس. ئەگەر ئەركەكلەر بىلەن خوتۇنلار قوشۇلمىسا، ئادەمزات نەسلى قانداق داۋام ئېتىدۇ؟ ئالەمنىڭ تۈزۈلۈشى، قانۇنىيىتى بۇزۇلىدىغۇ. بۇ ئىلاھىي ھېكمەتنىڭ تەرتىپۇتەدبىرىدۇر. مۇلۇك ۋە مەملىكەت، دۇنيا ئىشلىرى شۇ ئاساستا قۇرۇلغان، بارچە جانزاتلار قوشۇلۇپ، كۆپىيىپ، نەسلىنى داۋام ئەتتۈردى. بەرقارارلىق، راۋاجلىنىش شۇندىن كېلىپ چىقتى. ئادەمزات مىڭ ـ مىڭ يىللار ئاشۇ قانچىدىن ـ قانچە رىيازەت راۋاجلىنىشنى بېشىدىن ئۆتكۈزۈپ، ھازىرقى ھالغا كەلگەن. بۇنى ھېكمەت ئەھلى ياخشى بىلىدۇ.

ھەممىسى زوْرۇرىيەتتىن، مۇئەييەن نىزام ئۇچۇن يارىتىلغان. قوشۇلۇش كېرەك ئىكەن، دېمەك، مانا شۇ ئۇلۇغ ھېكمەت قانۇنىغا بويسۇنۇشتۇر. ئەگەر شەھۋەت بولمىغاندا سەنمۇ، مەنمۇ بولماس ئىدۇق. نېمىشقا ئەمدى سەن شەھۋەتنى يامان ئاتاق قىلىسەن. بۇ ئىش مەردلەرنىڭ ئىشى ئەمەس دەيسەن؟ بۇنى قانداق چۈشىنىش كېرەك؟ ماڭا چۈشەندۈرۈپ بەر بولمىسا.

ئاتا جاۋاب بېرىپ دېدى:

— زىنھار شەھۋەتنى پۈتۈنلەي ئىنكار قىلىۋاتىدۇ، دەپ ئويلىما. ئەمما سەن پەقەت ئالەمدە شۇنى ئاڭلىغىنىڭ ئۈچۈن ساڭا بۇ سۆزلەرنى ئېيتتىم. نېمە ئۈچۈنكى، ئاغزىڭدا پەقەت شۇ سۆز. خىيالىڭ پەقەت شۇ بىلەن بەند ئىدى. بۇ سىرۇ سىنائەت، ھېكمەتلەر ئالەمدە پەقەت شەھۋەتنى تونۇساڭ ۋە بىلسەڭ، پەقەت شۇ بەند بولساڭ، ئەتتەڭ دەيمەن، چۈنكى ئۆمرۈڭ زايا كېتىدۇ. ئويلاپ مۇلاھىزە ئېتىپ ساڭا خىلۋەتتە ئۇشبۇ سۆزلەرنى ئېيتتىم. تاكى شەھۋەت گىردابىدىن قەدىمىڭنى تاشقىرىغا قويساڭ، ئاخىر ئادىمىيلىك پەقەت شۇندىن ئىبارەت ئەمەس، شەھۋەت ئىنساندا مەۋجۇت، ئەمما ئۇ ئادەمنى ئادەم سۈپەتىدە سۈپەتلىمەيدۇ. سەن ئۇلۇغلۇقتا پەيغەمبەرلەر، نەبىلەرگە باراۋەرسەن، ئۆلۈكلەرنى تىرىلدۈرگۈچى ئىيسا بىلەن ھەمرازۇ ھەمنەپەسسەن، ئەپسۇسكى، ئىيسانىڭ ئېشىكى بىلەن ھەمقەدەم بولمىساڭ، نېمىشقا ھايۋان كەبى شەھۋانىي ھېرىسىڭ بار. ئىيسا بىلەن خىلۋەتداش بولۇشۇڭ مۇمكىنغۇ. شەھۋەت ھەر دائىم قەي (قۇسۇش)گە ئۈندەيدۇ، قۇتۇلغىن بىر مۇددەت بۇ قۇسۇقلاردىن!

— توغرا، ھېچبىر جانزات شەھۋەتتىن خالىي ئەمەس، بۇ سىرنى بىلمىگەن ئادەم جىسمانىي ئەيىب، نۇقسانلىقتۇر. ئۇنداق كىشى ساغلام ئەمەس. ئەمما شەھۋەت ھەددىدىن ئاشسا، ھېرىس بىخۇدلۇقى كېلىپ چىقىدۇ. كېيىن ئۇنى توختىتىپ بولمايدۇ. شەھۋەت شەۋقى كۈچەيگەندە، مۇھەببەت ئاردىن كۆتۈرۈلىدۇ. ھالبۇكى، ئىنساننىڭ ماھىيىتى مۇھەببەتتۇر. بىراق مۇھەببەت ھەم مۇئەييەن چېگرادا تۇرۇشى كېرەك. ئەگەر چېگرادىن ئاشسا، جېنىڭ مەھبۇب كۆزى ئالدىدا ئاجىز، ئەرزىمەس بولۇپ قالىدۇ.

— شەھۋەتتىن ۋاز كەچكىن، چۈنكى تەلەپنىڭ ماھىيىتى مۇھەببەتتۇر. ھەممە نەرسىنىڭ جەۋھىرى، ئەسلىي مەھبۇب - يارى ئەزەلىيدۇر! ئۇنىڭ يولىدا جان پىدا قىلىش، قۇربان بولۇش شەھۋەتكە گىرىپتارلىقتىن ئەۋزەل! دانا ئادەملەر بۇنى تەجرىبە قىلىپ كۆزىتىپ كۆرگەن، ئاللىقانچە ھېكايەتلەر رىۋايەتلەر ئارقىلىق چۈشەندۈرۈپ كەتكەن. ھېكايىتىمنى ئاڭلا ۋە بۇنىڭدىن ئىبرەت ئالغىن.

## ئايال ئىشقى

پادىشاھنىڭ سۇمباتلىق بىر ئوغلى بار ئىدى. شاھزادە ھەقىقەتەن ھەم كېلىشكەن، ساغلام يىگىت بولۇپ ۋايىغا يەتكەن، خەلق ئۇنىڭ ئاي يۈزىگە قاراشقا پېتىنالمايتتى. گويا ئۇنى دۇنيانىڭ بىر مۆجىزىسى دەيسىز. ئىككى قېشى كاماندەك، كۆزى، كىرپىكلىرى مىڭ قەلبنى ۋەيران قىلار، قاراشلىرى ئادەمنى ئاھاڭرەبادەك ئۆزىگە سېھىرلەپ قوياتتى.

تەبەسسۇم قىلسا، دۇردەك تىزىلغان چىشلىرى كۆرۈنەر، لەئل لەۋلىرىنىڭ خۇشبۇيى نەچچە مۇپتىلالارنى مەستۇ بىھوش ئەيلىگەنىدى. شاھزادە گۈزەل تەلئەت بولۇش بىلەن بىرگە، ئۇياتلىق ھەم مەغرۇر ئىدى. بىر خوتۇن ئاشۇ گۈزەل يىگىتكە ئاشىق بولۇپ قالدى. كۆڭلى ئېزىلىپ، كۆزلىرىدىن قانلىق ياشلار ئاققۇزدى. يىگىت پىراقىدا بارچە نەرسىنى، ئۇرۇق - تۇغقانلىرىنى، بەلكى دۇنيانى ھەم ئۇنتۇپ، دەرۋىش - قەلەندەر بولدى. ئۇ خوتۇن شاھزادىنىڭ يولىنى تۇنۇكۈن پايلار، ئەگەر شاھزادە يولغا چىقسا، ئىتىنىڭ ئاياغلىرىنى قۇچاقلاپ ئۆپەر، تۇپراقتىكى ئىزلىرىنى كۆزىگە سۈرتەر ئىدى. يىشى تاراملاپ ئېقىپ، ئاشىقانە نالە چېكەر ئىدى. پانا - پانادىن، ھەممە يەردىن شاھزادىگە باقار، دىدارىغا تويماستى. ئەگەر شاھزادە يۈرسە، شەھەردە بولار، باغۇ سەھراغا چىقسا، ئارقىسىدىن سەھراغا چىقار، ئىزمۇ ئىز قوغلىشىپ بارار ئىدى. تۈنلىرى ئۇنىڭ يادىدا ئۇخلىماي چىقار، ئەتراپتىكىلەرگە ھەم ئۇيقۇ بەرمەي، پەرياد چېكەر ئىدى.

ئادەملەر بۇ ھالنى كۆرۈپ، ھەيران قالدى، گەپ - سۆز تارقىلىپ، بارا - بارا پۈتۈن شەھەرگە پۇر بولدى. ئىش شۇ دەرىجىگە يەتتىكى، ئاخىر شاھزادە نومۇس قىلىپ، ئايالدىن قانداق قۇتۇلۇشنىڭ ئىلاجىنى تاپالماي، ئاتىسىغا شىكايەت قىلدى. پادىشاھ خوتۇننى تۇتۇپ كېلىشنى بۇيرۇدى. تۇتۇپ كەلتۈرۈلدى. پادىشاھ ئۇنى كۆرۈپ، بەتتەر غەزەپلەندى ۋە چاچلىرىنى ئاتنىڭ ئاياغلىرىغا باغلاپ، سۆرىتىپ ئۆلتۈرۈشكە ھۆكۈم قىلدى. بۇ ۋەقەنى كۆرگەن ئادەملەر توپ - توپ بولۇشۇپ، دالالارغا چىقتى. ھەممە نەرسە تەق قىلىپ

قويۇلدى. شۇندا خوتۇن ئۆلۈم ئالدىدىن پادىشاھقا مۇراجىئەت قىلىپ:

— ئەگەر شاھىم ئىجازەت بەرسىلە، بىر مۇراجىئىتىم بار، — دەپ سۆز قىلدى تەزىم ئىلە. شاھ دېدى:

— ئەگەر ئىستىكىڭ جېنىڭنى ساقلاش بولسا، رازى بولماسمەن، چۈنكى قەستىم سېنىڭ جېنىڭنى ئېلىشتۇر، ئەگەر چېچىمنى تارتىپ سازايى قىلما، دەپ ئىلتىماس قىلماقچى بولساڭ، بۇ ھەم ئۆتمەيدۇ، چۈنكى شۇ ئۇزۇن چاچلىرىڭغا ئورىلىپ جان بېرىشىڭنى كۆرمەكچىمەن، مەگەر ئاتقا باغلىماستىن ئۆلتۈرۈشنى خالىساڭ، بۇ ھەم رەت ئېتىلىدۇ، چۈنكى، ئاتنىڭ تۇيىقىنى ئۆپۈشنى خۇش كۆرگىنىڭنىڭ مۇكاپاتى بۇ. بۇندىن باشقا قانداق ئىلتىماسىڭ بار؟ ياكى بىر مۆھلەت ئامانلىق تىلەرسەن؟ بىر دەقىقىمۇ ئامانلىق بەرمىگەيمەن ياكى شاھزادىنى كۆرمەك تىلەرسەن، لېكىن ئۇنىڭ يۈزىنى ھېچ كۆرەلمەيسەن .

خوتۇن ئېيتتى:

— جېنىمنى ساقلاشنى ئىستىمەيمەن، جېنىم ئەمدى ماڭا كېرەك ئەمەس. بىردەممۇ ئامانلىق تىلىمەيمەن، ئۇندىن ئايرىلىپ ئامان ياشاش ئۆلۈمدىن ئېغىر. چېچىمنى سۆرىتىپ، ئاتنىڭ ئاياغلىرى ئاستىدا يانجىپ ئۆلتۈرمەكچى ئىكەنسەن، ئىختىيارىڭ، بۇنى قىلما دەپ ئىلتىماس قىلمايمەن. ئەمما، ئەي ساخاۋەتلىك شاھ، سەن ئېيتقان ئۇشبۇ تەلەپلەردىن باشقا بىر تەلىپىم بار.

شاھ ئېيتتى:

— سۆزلە، بۇندىن باشقا يەنە نە ھاجىتىڭ بار؟ ئەگەر

مەن ئېيتقان تەلەپلەردىن باشقا ھاجىتىڭ بولسا، مۇقەررەر بۇ تەلەپلىرىڭنى بېجىرىمەن.
خوتۇن ئېيتتى:
ــــ ئەي ساخاۋەتلىك ۋە شەپقەتلىك شاھ، بۈگۈن مېنى ئات ئاياغلىرىغا باغلاپ سۆرىتىشكە ھۆكۈم قىلغان ئىكەنسەن، سەندىن ھاجىتىم ـ ئىلتىماسىم شۇكى، چېچىمنى شاھزادىنىڭ ئېتى ئاياغلىرىغا باغلاپ قوي. بۇ ئىشنى ئۇ قىلسۇن. مەن ئۇنىڭ قۇربانى بولاي ۋە ئەبەدىي ئۆمۈر كۆرەي. ئەگەر مەشۇق تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلسەم، ئىشق نۇرىدىن روھىم ئەرشىئەلادا بولىدۇ. بىر ئاجىز خوتۇنمەن، ھوشۇم ئۆزۈمدىن ئەمەس، باغرىمدا لەختە ـ لەختە قان، تىرىكمەنمۇ، ئۆلۈكمەنمۇ بىلمەيمەن.
پەرۋەردىگار پادىشاھنىڭ كۆڭلىگە رەھىم سالدى، كۆڭلى ئېرىلىپ كەتتى. خوتۇننى ئەپۇ قىلدى، ئۇنىڭ سىدىقۇ يېنىشلىرى، پاكىز مۇھەببىتى، ئىلاھىي ئىشقى شاھنىڭ قەلبىنى بوشاتقانىدى. پادىشاھ خوتۇننى ئۆز سارىيىغا ئېلىپ باردى. ئوغلىغا ھەمراھ قىلدى. بۇ ئىشقى ھەقىقىيدۇر، ئەي پەرزەنت بۇنى ئۆگەن.
ئەمدى ساڭا يەنە بىر ھېكايەت سۆزلەپ بېرەي. پاك مۇھەببەت ئادەمنى مەرد ۋە جەسۇر ئەتكىنى، ئاجىز قىزنى قەھرىمان جەڭچىگە ئايلاندۇرغىنىنى كۆر.

## بېكتاش ۋە رابىئە

ئەمما، بۇ قىسسە دەردلىك، ئەلەملىكتۇر. سۆيۈشكەنلەر

تارتقان جاپاغا ئادەم پەرزەنتى ئەمەس، زالىم پەلەكنىڭ ئۆزى هەم گەردىشىنى توختىتىپ ماتەم تۇتقان. ئەپسۇس، دەپ كۆزلىرىدىن ياشلار تۆككەن.

بۇ قىسسە مىسالىنى كىم كۆرگەن، ئەي دىل،
بۇ هەسرەتنامەدۇر، ئاڭلا بەتەفسىل.

رابىئە بەلخ ئەمىرى كەئىبنىڭ قىزى ئىدى. قىز ناهايىتى ساهىبجامال ۋە ئاقىل بولۇپ، قاپقارا جادۇ كۆزلىرى، نەيزە مىسال كىرپىكلىرى هەرقانداق يۈرەككە غۇلغۇلا سالار، هېقىق لەۋلىرى، مەرۋايىت چىشلىرى كۆرگەن كىشىنى رام ئېتەر ئىدى. تەڭداشسىز هۆسن ۋە بۇنىڭ ئۈستىگە شائىرانە لەتىپ تەبىئىتى ئۇ قىزنىڭ شۆهرىتىنى ئەتراپقا يايغانىدى.

ئەمىر كەئىب قىزىنى ناهايىتى ياخشى كۆرەر، ئۇنى بىر نەفەس هەم خىيالىدىن نېرى كەتكۈزمەس ئىدى. كېچە-يۇ كۈندۈز قىزىنىڭ تەقدىرى هەققىدە قايغۇرار ئىدى. ئۆلۈمى يېقىنلاشقىنىنى سەزگەن ئەمىر بىر كۈنى هارىسنى هۇزۇرىغا چاقىردى. ئۇ ئوغلىغا قاراپ دېدى:

— سىڭلىڭ ئەقلى تولغان قىز، ئۇنىڭغا هەممە قايىل. لېكىن قىزىمنى خالىغانچە مەن - مەن دېگەن زاداگانلار، ئەئيانلارغا لايىق كۆرمىدىم. ئەمدى ئوغلۇم، مەن هايات بىلەن ۋىدالىشار ئىكەنمەن، ئۇنىڭ تەقدىرىنى ساڭا تاپشۇرىمەن. سەن ئۇنى ئۆزىگە مۇناسىپ كىشى تېپىپ ئۇزاتقىن.

ھارىس ئاتىسىنىڭ ۋەسىيىتىنى مەمنۇنىيەت بىلەن قوبۇل قىلدى ۋە سىڭلىسىنى كۆز قارىچۇقىدەك ئاسراشقا ۋەدە بەردى. لېكىن تەقدىر ئۇلارغا قالتىس يولنى راۋا كۆرگەنىدى.

ئاتىسىنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن ھارىس تەختكە ئولتۇرۇش مۇناسىۋىتى بىلەن كاتتا شاھانە زىياپەت بەردى. جەننەتنى ئەسلەتكۈچى باغدا ئەيش ـ ئىشرەت داۋام ئېتەر، مۇزىكا سادالىرى ياڭرار ئىدى. باھار مايسىلىرى كىشىگە ياشلىقنى ئەسلىتەر، شامال بولسا گۈل غۇنچىلىرىنىڭ ئېچىلىشىغا ياردەملىشەر ئىدى. گۈللەر ئارىسىدىن جىمىرلاپ ئېقىۋاتقان سۇ مەجلىس ئەھلىگە ھۇزۇر بېغىشلار ئىدى.

ھارىسنىڭ تەختى يۇكسەك ئايۋاندا جايلاشقان بولۇپ، ئەمىر ئۇندا قۇياشتەك پارلاپ ئولتۇرار ئىدى. مەرۋايىت تىزىقىدەك ئۇنى ئورىۋېلىشقان خىزمەتچىلەر ۋە چاكارلار خىزمەتتە قول قوشتۇرۇپ تۇرۇشاتتى. ھەممىنىڭ قەلبىدە خۇشاللىق، چېھرىسىدە كۇلكە بالقىيتتى. بەزم ئەھلى ئارىسىدا يۇلتۇزلار ئىچىدە پارلاپ تۇرغان ئايدەك، خۇشپىچىم كىيىنگەن قارا قاشلىق، قارا كۆزلۈك، بىر كۆرۈشتە كىشىنىڭ دىققىتىنى ئۆزىگە تارتىدىغان سەرۋى قامەت بىر يىگىت ئولتۇراتتى. ئۇنىڭ ئېتى بېكتاش بولۇپ، خەزىنەبانى ئىدى.

ھارىسنى ئەمىرلىك ئۇنۋانى بىلەن تەبرىكلەشكە كەلگەن ساراي ئەھلى ۋە زاداگانلار خۇرسەندچىلىك قىلىشار ئىدى. قىز ـ جۇۋانلار ھەم قەسىرنىڭ تېمى ۋە ئاراچ ئايۋانلاردىن يۇزلىرىگە پەردە تارتىپ، بەزمە ـ تاماشا قىلار ئىدى. رابىئەمۇ

www.uyghurkitap.com

كېنىزەكلىرى، دوستلىرى بىلەن قەسىرنىڭ تېمىغا چىقتى ۋە بىر بۇرجەكتە ئولتۇرۇپ تاماشا قىلىشقا باشلىدى. شۇ پەيت توساتتىن ئۇنىڭ نىگاھى ئەمىر بىلەن يانمۇيان ئولتۇرۇپ، سۆھبەت قىلىشىۋاتقان بېكتاشقا چۈشتى. بېكتاشنىڭ كاتتا سەلتەنەت بىلەن راۋاب چېلىشى، يېنىپ ھاياجانلىق قوشاق ئېيتىشى، سورۇن كەيپىياتىغا ھەمئاھاڭ لىقمۇلىق قەدەھلەردىن نازاكەت بىلەن مەي ئىچىشى، يەنى سورۇننىڭ گۈلى بولۇپ ئولتۇرۇشى رابىئە كۆڭلىنى ئۆزگىچە رام ئەتتى. شۇ كۈندىن باشلاپ قىزنىڭ ئەھۋالى ئۆزگەردى. كېچەيۈكۈندۈز ھالاۋىتىنى يوقاتتى. ئۇ دەردىنى كىمگە ئېيتىشنى بىلمەس، قەلبىدىكى غەلىيان ۋە ئوتتىن ۋۇجۇدى تىترەر ئىدى. ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن باھار بۇلۇتىدىن تۆكۈلگەن يامغۇر مىسالى ياش تۆكۈلەر، پۈتۈن ئەزالىرى ئوت مىسالى يېنىپ، ئېرىۋاتقاندەك ئىدى. ئارىدىن بىر يىل ئۆتكەندىن كېيىن ئىشق دەردى قىزنى ھالىدىن كەتكۈزدى. ئۇ كېسەلچان بولۇپ قالدى. سىڭلىسىنىڭ ئەھۋالىدىن تەشۋىشكە چۈشكەن ھارىس ئۇنى داۋالاش ئۈچۈن تېۋىپ ئېلىپ كەلدى. ئەمما نەئىلاج:

مۇھەببەت دەردىنىڭ دەرمانى قايدا،
تېۋىپكە نە ئىلاج ئىشق قىينىغاندا؟!

رابىئە دەردلىرىنى شېئىرغا سىلىپ ئاۋۇنماقچى بولار ئىدى، بىراق بۇ ئۇنىڭغا تەسكىن بېرەلمىدى. قىينىلىش، ئىزتىراپ باغرىنى لاۋۇلدىتاتتى. رابىئەنىڭ ياشلىقتىن

تەربىيىلىگەن مېھرىبان، زېرەك ۋە دانا بىر كىشىسى بار ئىدى. قىزنىڭ ئىشق دەردىگە مۇپتىلا بولغانلىقىنى سەزگەن زېرەك يېقىنى ئۇنى سۆھبەتكە چاقىردى ۋە قىز ئۆز يۇزىدىن ھايا پەردىسىنى ئېلىپ، ئۇنىڭغا پۈتۈن ھېسلىرىنى تۆكۈپ، كۆڭلىنى بوشاتتى.

ئۇنىڭ ئىشقى مېنى بىخۇد قىلىپتۇ،
ۋۇجۇدۇم ئۆيىنى نابۇت قىلىپتۇ،
بۇ دەردى بىداۋانىڭ بائىسى ئۇ،
كۆڭۈل غەم ـ ئوتىنىڭ دەسمايىسى ئۇ.
ئاخىر ئول، دىلرابادىن سۆز دېگىن سەن،
قىلار سەن نې ئۇچۇن بىگانە زېكرىن؟

كېيىن رابىئە ھېلىقى خوتۇندىن ئۆز ئىشق داستانىنى بېكتاشقا يەتكۈزۈشنى سورىدى ۋە بۇ قىسسە باشقىلارغا مەلۇم بولماسلىقىنى ئىستەپ، يارى ئەزىزگە مەكتۇپ يازدى.

ئايا ئەي، كۆزلىرى جادۇ، قايانسەن؟
مېنى بىر يوقلامايسەنمۇ، قايانسەن؟
قىلىپ كۆڭلۈم تۆرىدە مېھمان بول،
ۋەيا تىغىڭ بىلە جاللادى جان بول!
ئەسىر ئەتتىڭ دىلىمنى، جاننى ـ بەندە،
قىلاي سەدقە بولساڭ مىڭ جان تەندە!
خىيالىڭدا يۇرەرمەن مىسلى مەجنۇن،
تېنىم ئۆرتەر ئەجەب دەردۇ جىگەر خۇن.

ئەگەر كەلسەڭ، قىلاي جايىڭ كۆزۈمنى،
يوق ئىرسە كىمسە تاپمايدۇر ئىزىمنى.
يانۇرمەن شەمئى كەبى بىر يانۇ گىريان،
سېنى ئىزلەپ يۈگۈردۈم خەستە ھەريان.
ھۇزۇرۇمغا كېلىپ كۆڭلۈمنى شاد قىل،
ھاياتىم باغىنى ھەم ئاباد قىل!

رابىئە نامەنى يېزىپ تۈگەتتى ۋە قەغەز تېگىگە ئۆزىنىڭ رەسىمىنى سىزىپ، مەھبۇبىگە ئەۋەتتى. خەتنى ئالغان بېكتاش شېئىرنىڭ مەزمۇنى ۋە راۋانلىقىنى، سەنئەتكارانە سىزىلغان رەسىمنى كۆرۈپ، ھەيرەتتە قالدى ۋە ناھايىتى خۇشال بولدى. ئۇ گويا ئۆزىنى رابىئەنى نەچچە يىللاردىن بېرى بىلگەندەك، ئۇنىڭ يېقىن دوستى بولغاندەك ھېس قىلدى. شائىرە سۆيگۈسىگە سازاۋەر بولۇش بەختىگە مۇيەسسەر بولغان بېكتاشنىڭ بېشى ئاسمانغا يەتتى ۋە بۇ دەقىقىدە قەلەم ۋە دەۋات ئېلىپ، مۇھەببەت تىلى بىلەن مەھبۇبىسىگە جاۋاب قايتۇردى.
بېكتاشنىڭ ئىشق مەكتۇبىنى ئالغان رابىئەنىڭ كۆزلىرىدىن خۇشاللىق ياشلىرى ئاقتى. ئەمدى ئۇ چەكسىز خۇرسەن ئىدى، سۆيگۈ جامىدىن لىپمۇلىق مەي ئىچەر، دىل ئارزۇسىنى ئىپادىلەپ شېرىن غەزەللەر پۈتەر ئىدى، تەقدىر يەتكۈزگەن بۇ بەختتىن چەكسىز خۇش ئىدى.
ئارىدىن خېلى ۋاقىت ئۆتتى. كۈنلەرنىڭ بىرىدە بېكتاش رابىئەنى باغدا تەنها كۆرۈپ ئۇنى ئۆزىگە تارتتى. بېكتاشنىڭ بۇ ھەرىكىتىدىن قاتتىق رەنجىگەن رابىئە جەھلى بىلەن ئۇنىڭ قولىنى سىلكىپ تاشلاپ بۇ بېيىتنى ئوقۇدى:

ئايا ئەي، بىئەدەپ، بۇ نې قوپاللىق؟
نە جۈرئەت بۇ ۋە قانداق شىر يۈرەكلىك؟
شامال ھەتتا ئېتەگىمدىن ھېيىقار،
كىيىم شەپىسىن سەزمەيدۇ كەپتەر.

يىگىت خاتاسىنى تونۇپ، دەرھال ئۆزىنى ئاقلىماقچى بولدى:

— ئەي تەڭسىز دىلبەر، بۇ نە ھالكىم، ماڭا يوشۇرۇنچە نامە ئېۋەتىپ، مېنى دىۋانە قىلىسەن، ئەمدى بولسا ئۇچراشقىنىمىزدا مەندىن يۈز ئۆرىسەن ۋە بىگانىلەردەك ئۆزۈڭنى ئۇزاقلاشتۇرىسەن؟

قىز ئاچچىق بىلەن جاۋاب بەردى:

— سەن مېنىڭ قەلبىمدە سەن، يۈرىكىمدە يالقۇنلاۋاتقان ساپ مۇھەببىتىمسەن. كاشكى، بۇنىڭدىن ئاگاھ بولساڭدىڭ، ياق، بىلدىمكى، ئاگاھ ئەمەس ئىكەنسەن. مېنىڭ غەم - غۇسسىگە تولغان ۋۇجۇدۇم ھەۋەسكارلىق ۋە شەھۋانىي ھېرىسىنىڭ قۇربانى بولماس. ئەگەر سەن مېنىڭ شۇ پاك ئىشقىمغا سازاۋەر بولالماس ئىكەنسەن، ياتلار كەبى كۆڭلۈم ئاستانىسىدىن ئۇزاقلىشىسەن...

بۇ ۋەقەدىن كېيىن بېكتاش ئۆزىنى يوقىتىپ قويدى. نۇرانە كۆڭلىدىن مىڭ - مىڭ پۇشايمان يېدى. سۆيگۈسىدىن رەنجىگەن رابىئە پەقەت يۈرەك ئارمانلىرىنى شېئىرغا تۆكۈپ سالدى، ئاجايىپ جۇشقۇن غەزەللىرى بىلەن گويا ئەلەملىرى سۇ چاچار ئىدى.

كۆنلەرنىڭ بىرىدە باغ ئارىلاپ سەير ئېتىپ، ئۆزىنىڭ يېقىملىق بېيىتلىرىنى ئىزھار قىلدى:

ئايا ئەي، تۈن يېلى، بىرقۇر گۈزەل قىل،
قىغانىم تۈركى ياغمىغا خەبەر قىل.
دېگىل: كۆيدى دىلىم ئىشق ئاتەشىدە،
بولۇرمۇ چارەئى ئاشىق ئىشىدە؟

پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن شېئىر ئوقۇۋاتقان قىز ئاكىسى ھارىسنىڭ ئۈنى ئاڭلاۋاتقانلىقىنى بايقىدى، شۇئانلا شېئىردىكى «تۈركى ياغما» ئىبارىسىنى «سۈرخىي ساقا» (يەنى تاڭدا رابىئەگە سۆ كەلتۈرىدىغان كىشىنىڭ ئىسمى)غا ئالماشتۇردى. لېكىن زېرەك شاھزادە بۇ نازۇكلۇقنى بايقىدى ۋە شۇ كۈندىن باشلاپ سىڭلىسىدىن گۇمانسىرايدىغان بولدى.

ئارىدىن بىر ئاي ئۆتەر - ئۆتمەي ھارىس مۆلكىگە ھېسابسىز لەشكىرى بىلەن دۈشمەن مۇداپىئە جېڭىگە كىردى. جەڭ مەيداندا قىلىچ - قالقانلار توقۇنۇشتى، كېسىلگەن باش ۋە تەنلەردىن قان ئېرىقلاردەك ئېقىشقا باشلىدى. يەر لالىزاردەك قىزىرىپ كەتتى. گويا ئەجەل ئۆزىنىڭ رەھىمسىز چاڭگىلىنى خالايىق بېشىغا سالغان، قىيامەت كۈننى ياراتقاندى.

ھارىس جەڭ مەيداندىكى ئەسكەرلىرىنى بىر چەتكە تويلاپ، ئۆزى ئالدىدا شىر كەبى دۈشمەن ئۈستىگە ھەملە قىلدى. باشقا تەرەپتە بېكتاش ئىككى قوللاپ شەمشەر ئۇرار

ئىدى، قەھرىمانلىق كۆرسەتتى ئىدى. ئەمما توساتتىن بېشىغا ئۇرۇلغان شەمشەر زەربىدىن يارىلانغان بېكتاش بىر نەپەس ئۆزىنى يوقىتىپ قويدى ۋە ھوشىدىن كەتتى.

خۇددى شۇ پەيتتە جەڭ مەيدانىغا يۈزىنى پەردە بىلەن يوشۇرغان، جەڭچى كىيىمىنى كىيگەن بىر ئاتلىق كىرىپ كەلدى. ئۇنىڭ ھايقىرىقىدىن دۈشمەن سىپاھلىرى ۋەھىمىگە چۈشتى. ئۇ ئۆزىنى دادىل دۈشمەنگە ئۇرۇپ، نەچچە ـ نەچچە باشلارنى تېنىدىن جۇدا قىلدى، دۈشمەن ساراسىمە بولۇپ، پىتىراشقا باشلىدى. پۇرسەتتىن پايدىلانغان بۇ قەھرىمان ئېتىنى يارىلانغان بېكتاش تەرەپكە بۇردى ۋە ئۇنى كۆتۈرۈپ ئۆز ئەسكەرلىرى قولىغا تاپشۇردى. كېيىن قانداق پەيدا بولغان بولسا، خۇددى شۇنداق غايىب بولدى. جەڭ مەيدانىدىكىلەر بۇ شىجائەتلىك دىلاۋەر كىشىنىڭ كىملىكىنى بىلمەستىن ھەيران ئىدى. بېكتاشنى ئۆلۈم چاڭگىلىدىن خالاس ئەتكەن بۇ شىر يۈرەك پەھلىۋان رابىئە ئىدى.

رابىئەنىڭ مەيداندىن چىقىپ كەتكەنلىكىنى سەزگەن دۈشمەن قايتا ھۇجۇمغا ئۆتتى ۋە كەلكۈن ھارىس لەشكىرى تەرەپكە ئېقىپ كېلىشكەن باشلىدى. بىراق شۇ ۋاقىتتا بۇخارا قوشۇنى ھارىسقا مەدەت ئۈچۈن يېتىپ كەلدى، دۈشمەن تارمار ئېتىلدى.

ھارىس غەلىبە بىلەن خۇرسەن ھالدا شەھەرگە قايتتى ۋە شۇھامانلا شىجائەت كۆرسەتكەن سىرلىق ئاتلىقنى ئىزدەتتۈردى. لېكىن ئۇندىن ھېچبىر دېرەك ئالالمىدى. ئۇ پەرىشتە مىسالى يەر يۈزىنى تەرك ئەتكەنىدى. كەچمۇ كىردى،

www.uyghurkitap.com

ئـاي ئـۆزىنىڭ مۇنەۋۋەر نۇرىنى ئالـەم ئـۆزرە تارىتار، كـۆڭلىدە شېرىن تۇيغۇ ئويغىتار ئىدى. لېكىن رابىئە كـۆڭلى غەش، ئۇنىڭ خىيالى يارىلانغان بېكتاشتا، قىز هـال سوراپ ئۇنىڭغا مەكتۇپ يېزىشقا باشلىدى:

قىسمەت بۇكى، سەن قانغا مىلەندىڭ،
غەمدىن قان ئېرۇر باغرى يارىڭىنىڭ.
ئۆزۈن تۈنلەر يانۇرمەن ئوت ئىچىندە،
تاڭ ئاتقاچ، هەسرىتىم ئارتار زىيادە.
سېنىڭ ئىشقىڭ بىلەن بىھوش ئېرۇرمەن

نە ئۆزنى، نە بىراۋلارنى تونۇرمەن.
ئەلەملەر ئاغۇشىدە دىل ۋە تەن هەم،
كى گويا بولمىشمەن ۋەتەن هەم.
ئەگەر ۋەسلىڭ ئۈمىدى بولمىغاندەك،
يېنىپ پۈتكەن بولاردى جان بەدەندە.

ئىشق مـەكتۇبى بېكتـاش يارىسىغا مەلهەمدەك داۋا بولـدى، ئۇنىڭ كـۆزلىرىدىن ئاققان خۇشاللىق ياشلىرى يۈزىنى يۇيدى ۋە شۇ زامانلا ئولتۇرۇپ جاۋاب نامىسىنى پۈتتى:

مېنى يالغۇز قويارسەن، يار نېمىشكە؟
دىلىم ئاشۇپتە، ئۆزۈم خار نېمىشكە؟

بىمارىڭنى سورماقنى ئۇنۇتما،
ئۆزۈڭ مەلھەم ماڭا، مېھرىڭ سوۋۇتما.
ئاقىللار رەسمىنى تۇتقىن مۇسەللەم.
كېلىپ باشىمدا ئولتۇرغىل بىرەر دەم.
قىلىچىنىڭ زەخمى ھەم پۇتمەكتە سەكىن،
بىراق، كۆڭلۇم ئۆيى تاپمايدۇ تەسكىن.
سېنىڭسىز بۇ ھاياتنى نە قىلايىن،
دېدى بېكتاش يېقىلدى، كەتتى ئۆزدىن.

بىكتاش كۇنلەردىن بىر كۇنى بەلخكە كېلىپ قالغان مەشھۇر شائىر رۇداكىي بىلەن ئۇچرىشىپ قالدى. ئۇلار سۆھبەت قىلغاچ، رابىئە شېئىرلىرىنى ئوقۇپ بەردى. رۇداكىي قىزنىڭ لەتىپ ۋە دىلرەبا غەزەللىرىنى ئىشىتىپ، ھەيرەتتە قالدى. ئۇشبۇ شېئىرلارنىڭ ئىلھامچىسى رابىئەنىڭ پاك مۇھەببىتى ئىكەنلىكىنى ھەم رۇداكىي شۇ سەپەر چېغىدا بايقاپ قالدى .
رۇداكىي بۇخاراغا قايتىپ كەلگەندە، ھارىس ھەم بۇخاراغا، شاھ ھۇزۇرىغا كەلگەندى. شاھ ھارىس شەرىپىگە كاتتا بەزم تەشكىل قىلدى. بەزمى جەمشىددە بۇخارانىڭ بارچە ئەئيانلىرى، شائىر ۋە پازىللىرى يىغىلىشتى. شاھ شائىرلار سەرۋەرى رۇداكىيدىن شېئىر ئوقۇشنى ئىلتىماس قىلدى. رۇداكىي بۇ سەپەر ئۆز شېئىرلىرىنى ئەمەس، بەلكى رابىئەنىڭ شېئىرلىرىنى يادقا ئوقۇپ بەردى. مەجلىس قىزىدى. مەيدىن سەرخۇش بولغان شاھ رۇداكىيدىن شېئىرلارنىڭ مۇئەللىپى كىم ئىكەنلىكىنى سورۇشتۇردى.

مەي ئەسىرى ۋە شېئىرىيەت ئىلھامىدىن كەيپى ئەلا رۇداكىي ھارىسنىڭ مەجلىستە بارلىقىنى ئۇنتۇپ، بار ۋاقىئەنى ھېكايە قىلىپ بەردى.

— بۇ شېئىرلار ئەمىر كەئىب قىزىنىڭ ئىجادى، ئۇنىڭ ئىسمى رابىئە، رابىئە قەزداري. ئۇ ئۆزىنىڭ غۇلاملىرىنى شۇ دەرىجىدە سۆيىدۇكى، ئۇنىڭ نە كېچىسى ئۇيقۇسى، نە كۈندۈزى ھالاۋىتى بار. شۇنىڭ ئۈچۈن شېئىر ئېيتىش، غەزەل ئوقۇش، ئاشىققا يوشۇرۇنچە نامە ئېۋەتىشتىن باشقا مەشغۇلاتى يوق. شېئىردىكى پەرىشانلىق، ئىشق ۋەسپىنىڭ كۈچلۈكلىكى ھەم شۇنىڭدىن، — دېدى روداكىي.

شۇندا ھارىس، گويا ھېچ نەرسە ئىشىتمىگەندەك، ئۆزىنى مەستلىككە سالدى، لېكىن ئۆزى غەزەپتىن يۈرىكىنى تىنچلاندۇرالمىدى. ئۇ بەلخكە قايتقاندا، پەيت پايلاپ سىڭلىسىنىڭ قېنىنى تۆكۈش، شۇ ئارقىلىق شەنىگە قونغان داغنى يۇيۇش پېيىگە چۈشتى.

بېكتاش پەقەت سۆيۈملۈكىدىن كەلگەن ئىشق نامەلىرىنى كۆز قارىچۇقىدەك ئاسرار، ئۇنى ئەڭ قىممەتلىك بايلىق سۈپىتىدە قەدىرلەر ئىدى. ئۇنىڭ ئۆزىگە يېقىن تۇتۇپ يۈرگەن بىر دوستى بار ئىدى. بېكتاشقا ھەسەت قىلىپ يۈرگەن بۇ ناپاك «دوست» ئىشقى مەكتۇپلىرىنى شاھقا ئېلىپ بېرىپ كۆرسەتتى. رابىئە مەكتۇپلىرىنى كۆرگەن ھارىس غەزەپتىن تىترەپ كەتتى. شۇ ئاندىلا سىڭلىسىنى ئۆلتۈرۈشكە بەل باغلىدى. ئاتىسىنىڭ ۋەسىيىتى، سىڭلىسىغا بولغان مېھرى ھەم ئۇنتۇلدى.

ھارىس ئەڭ ئاۋۋال بېكتاشنى زىندانغا تاشلىدى.

ئۇندىن كېيىن رابىيەنى قەتل قىلىش پىلانىنى تۈزدى. ئۇ خىزمەتلىرىگە ھامىمامنى قاتتىق قىزىتىشنى، رابىئەنىڭ قوللىرىغا كىشەن سېلىپ، قىزىغان ھامىمامغا قاماشنى بۇيرۇدى، بۇ ھۆكۈم ئىجرا ئېتىلدى. ھامىمامنىڭ ئىشىك ۋە تۆشۈكلىرىنى لاي بىلەن بېكىتىشتى. قىز بۇ غەيرىي ئىنسانىي قىيناشلارغا قارشى پەريادلار چەكتى. ئۇنىڭ پەريادلىرى قىينىلىۋاتقان جىسمۇجېنى ئۇچۇن ئەمەس، بەلكى ئىشق دەردى، غازاڭ بولۇۋاتقان ياشلىق پىغانى، شېئىر دەردى، مۇھەببەت يالقۇنىدا خەستىلەنگەن جاننىڭ نىداسى ئىدى.

ھالسىزلىقتىن لەختە ـ لەختە قان قۇسقان قىز كۆرسەتكۈچ بارمىقىنى قېنىغا مىلاپ ھامىمام تاملىرىغا شېئىر پۈتۈشكە باشلىدى. تام قاندىن قىزىشقا باشلىغانسېرى قىز چېھرىسى سارغىيىپ بارار، ئۇنىڭ لەتىپ ۋۇجۇدىدىن مادار كېتەر ئىدى. ھامىمام تاملىرىغا يېزىشقا جاي قالمىغاندا، ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدىكى قان ھەم تۈگىگەنىدى. تام شېئىر بىلەن تولدى ۋە ئۇ ماھپەيكەر گويا دىۋاردىن ئۈزۈلۈپ چۈشكەن سۈرەتتەك يەرگە يىقىلدى. ئۇنىڭ جېنى ئىشقۇقان ئىچرە جىسمىنى تەرك ئەتتى.

ئەتىسى ھامىمامنى ئاچتى ۋە ئۇ دىلبەرنى باش ـ ئايىغى قانغا غەرق ھالدا كۆردى، پاك تېنىنى يۇدى ۋە تۇپراققا كۆمدى.

بۇ ۋەقەنى ئىشىتكەن بېكتاشنىڭ يۈرەك ـ باغرى خۇن بولدى. ھارىسنىڭ بىرەھىملىكى غەزىپىنى كەلتۈردى. ئۇ يوشۇرۇنچە يول بىلەن قاماقتىن قاچتى ۋە ھارىسنىڭ

www.uyghurkitap.com

ھەرىمىگە كىرىپ، ئۇنىڭ بېشىنى تېنىدىن جۇدا قىلدى. غەزەپ ۋە ئەلەمگە تولغان ئاشىق يىگىت قىز قەبرىستىگە يېتىپ كەلدى ۋە خەنجەر بىلەن يۈرىكىنى تىلىپ، ئەزىز يارى يېنىدىن جاي ئالدى. بېكتاش بۇ پانىي، بىۋاپا دۇنيادا دىلبەرسىز ياشاشنى خالىمىدى ۋە بۇ ئېچىنىشلىق قىسسىنى شۇنداق ئاخىرلاشتۇردى.

شۇنداق پاك ئاشىق ـ مەشۇقلار ئۆتكەن دۇنيادا، ئۇلارنىڭ مۇھەببىتى ھېرىستىن پاك، ساماۋى ئىدى. ئوغۇل ئويلىنىپ، پىكىرگە تولدى. ئاتىسى بولسا يەنە ھېكايەتنى باشلىدى.

## كۆكەرمەستىن بۇرۇن مېۋە بەرگەن دەرەخلەر

كۈنلەردىن بىر كۈنى نۇشىرۋان ئادىل ئەئيانلىرى بىلەن يۇرت ئايلىنىشقا چىقتى. باغۋارانلار، مۇنبەت داللارنى كۆردى. يولى سەھراغا چۈشۈپ بېرىۋاتقان ئىدى، بىر چالغا دۈچ كەلدىكىم، بېلىنى ئۈچ جايدىن باغلاپ، سۇ توشۇپ، سەھرانىڭ بىر بۇرجىكىنى ئاۋات قىلىپ كۆچەت تىكمەكتە ئىدى. ئۇ شىجائەت بىلەن، شەۋق بىلەن ئىشلەر ئىدى. نوشىرۋاننىڭ چالغا ھەۋسى كەلدى ۋە ئاتتىن چۈشۈپ ئۇنىڭ ئالدىغا باردى.

— سالام سىزگە، ئاتاخان، ھارماڭ، ساقلىڭىز ئاقىرىپ، يېشىڭىز ھەم بىر يەرگە بېرىپ قالغانىكەن. ئۆيدە ئولتۇرۇپ دەم ئالماسىز، بۇ دۇنيايىڭىزدىن ئۇ دۇنياڭىز يېقىنراق كۆرۈنىدۇ. ئەمدى سىز تىككەن كۆچەتلەر كۆكىرىپ

هوسۇل بەرگۈچە قانچە يىللار ئۆتتىدۇ. ئۇنىڭچە سىز بارمۇ، يوقمۇ؟

چال پادىشاھقا قاراپ دېدى:

— ئەي پادىشاھىئالەم، بىزگىچە قانچىدىن ـ قانچە ئادەملەر دەرەخ كۆكەرتىپ كەتتىلەر، بىز پەقەت مېۋىسىنى يېدۇق. ئەمدى نۆۋەت بىزگە، ئوغلۇم. مەن ئۆزۈم ھۇزۇرىنى كۆرەي دەپ تىكىۋاتقىنىم يوق بۇ كۆچەتلەرنى، بەلكى كېلەچەكتە ياشايدىغان ئادەملەر ئۇچۇن تىكمەكچىمەن، ئەۋلادلار ئۇنىڭ مېۋىسىنى يەيدۇ.

چالنىڭ گەپلىرى نۇشىرۋانغا ياقتى، خۇرسەند بولۇپ، شۇ سەھرانى ئاۋات قىلىشقا سەرپ قىلغايسىز، دەپ بىر ھەميان ئالتۇن بەردى.

— شاھىم، مانا كۆردىڭىزمۇ، مەن تىككەن كۆچەتلەر ئاللىقاچان مېۋە بەردى، — دېدى چال.

نۇشىرۋان چالنىڭ بۇ لۇتپىدىن يەنىمۇ ئېچىلىپ كەتتى ۋە بىر ھەميان ئالتۇن ھەدىيە ئەتتى.

ئەي پەرزەند، ھەر ئىشقا ھىممەت كېرەك. ھىممەت ۋە غەيرەت ئادەمنى ئالىيجاناب قىلىدۇ. پەرۋەردىگار ھىممەت بىلەن ئادەملەرنى سۆيىدۇ ۋە ئۇلارغا مەدەتكار بولىدۇ. شەھۋەت پەقەت، پەسكەشلەرنىڭ ئىشى، ئۇ رىيا ۋە يالغانغا باشلايدۇ، سىدىقۇ ساداقەتنى نەسچىلىككە ئايلاندۇرىدۇ. مانا بۇ ھېكايەتكە قۇلاق سال.

## مۇشۇك ھېكايىتى

شەيخ گورگانىي باتىندا زاھىردا زامانىسىنىڭ يېگانىسى،

ئىرپان دەرياسىنىڭ گەۋھەر بەردارى، ساداقەتنىڭ مۈشۈك هېكايىتى، سەلتەنەتنىڭ نىگاهدارى ئىدى. ئاشۇ قۇتلۇق كىرەمنىڭ خانىقاسىدا بىر مۈشۈك ياشايتتى. شەيخ ئۇنى كۈندە نەچچە مەرتە كۆرەر، هەرىكەتلىرىنى كۆزىتەر ئىدى. مۈشۈكنىڭ قول - ئاياغلىرى هەمىشە تازا بولار، گويا بىراۋ ئۇنىڭ قول - ئاياغلىرىنى يۇيۇپ قويغاندەك ئىدى. ئاياغلىرىغا غىلاپ كەيدۈرگەندەك چاڭ يۇقماس ئىدى. قەيەرگە بېرىپ كەلسىمۇ، ئەۋۋەل قول - ئاياغلىرىنى تازىلاپ، كېيىن خانىلارغا كىرەر، بەزەن شەيخنىڭ يېنىدا ئۇخلار، بەزەن هەتتا جەينىماز ئۈستىگىمۇ چىقىپ يۈرەر ئىدى. لېكىن شەيخ بۇنىڭغا پەرۋامۇ قىلماس. ئەكسىنچە، مۈشۈكنى هەر زاماندا بىر سىلاپ قويار، ئەركىلىتەر ئىدى. مۈشۈك مۇئەييەن ۋاقىتلاردا مىياڭلاپ ئاۋاز چىقىرار ئىدى، ۋاقىتنى ئۇنىڭ ئاۋازىغا قاراپ بەلگىلەيتتى. مۈشۈك بەزەن مىياۋلاپ خادىمنى چاقىرار، خادىملار ۋە خىزمەتكارلارمۇ ئۇنىڭغا ئۆگىنىپ قالغان ئىدى. ئاشخانىدا، هويلا ۋە هۇجرىلاردا بىمالال يۈرەر، هېچ نەرسىنى ئۇندىن يوشۇرماس ئىدى، هەتتا گۆش هەم ئوچۇق، جايىدا تۇرسىمۇ، مۈشۈك ئاڭا تەگمەس ئىدى. ئەكسىنچە ئۇ خانىقا ۋە داستىخاننىڭ قوروقچىسى ئىدى، بىرەر نەرسىنى توشۇپ كەتكىنىنى بىراۋ كۆرگەن ئەمەس ئىدى. بىر كۈنى مۈشۈك ئاشخانىغا كىرىپ، قازاندىكى گۆشنى ئېلىپ چىقىپ كەتتى. بارا - بارا بۇنى ئادەتكە ئايلاندۇردى. ئاخىر ئاشپەز خادىم ئۇنى تۇتۇۋېلىپ تەنبىھ بەردى. بىراق، مۈشۈك بۇ تەنبىھدىن ئازارلاپ شەيخنىڭ ئالدىغىمۇ كەلمەيدىغان بولۇپ قالدى. خاپا بولۇپ هويلىنىڭ

بىر بۇرجىكىدە شۇمشىيىپ تۇرار ئىدى. شەيخ بۇندىن ئاگاھ بولۇپ، خادىمنى چاقىرىپ، ئەھۋالنى سورىغاندا، خادىم بولغان ۋەقەلەرنى ئېيتىپ بەردى.

كارامەتلىك شەيخ مۈشۈكنى ئالدىغا چاقىرىپ، كۆزىگە بېقىپ پىكرەن نېمىشقا بۇ ئىشنى قىلدىڭ، دەپ سورىدى. مۈشۈك تۇغقان ئىدى، ئۇ بېرىپ ئۈچ بالىسىنى چىشىدا چىشلەپ ئېلىپ كېلىپ شەيخنىڭ ئالدىغا قويدى. ئۆزى غەمكىن ھالدا تاشقىرىغا يول ئالدى ۋە دەرەخ شېخىغا چىقىپ ئولتۇردى. مۈشۈك ئاشپەز خادىمنىڭ جەھلىدىن قورقار، كۆزى مۆلدىرەپ، ئۇندىمەي قاراپ تۇرار ئىدى. شەيخ بۇ ھالنى كۆرۈپ، خادىمدىن خاپا بولدى، ئۇنى كايىدى، كېيىن ئەجەبلىنىپ مۇرىتلىرىغا دېدى:

— مۈشۈك پەرزەنت غېمىدا يۈرگەن ئىكەن، ئۇ موھتاج ئىكەن. گۆشنى ئوغرىلاش تەركى ئەدەپ ئەمەس، بەلكى ئېھتىياج تەقەززاسىدۇر. ئەگەر كىشى بېشىغا زۆرۈرىيەت چۈشسە، مۇباھ ھەم ھالال بولغاي. بالا ئۈچۈن ھەتتا ئۆمۈچۈك ئاغزىدىن تاماق چىقىرىدۇ. مۈشۈكتىن سادىر بولغان ئىشقا پەقەت ئەجەبلەنمەڭ، چۈنكى، بالا مېھرى ئەجەب بىر مېھىردۇر. تاكى سەندە بالا پەيدا بولماس ئىكەن، بالا غېمى خاتىرەڭگە كەلمەيدۇ.

تەجرىبىلىك شەيخ خادىمغا دېدى:

— بۇ تىلسىز جانىۋار ھازىر بىماردۇر. سېنىڭ جەھلىڭدىن قورقۇپ، دەرەخنىڭ ئۈستىگە چىقىۋېلىپتۇ. سەن ئۇندىن ئۆزرە سورىساڭ، كەچۈرىدۇ.

خادىم بېشىدىن سەللىسىنى ئېلىپ قويدى ۋە مۈشۈك

ئالدىغا بېرىپ، ئۆزرە سوراپ تۇۋا قىلدى. ئەمما ئۇنىڭ تۇۋىسىنىڭ تەسىرى يوق ئىدى، مۈشۈك ئاگا باقمىدى. ئاخىر شەيخ كېلىپ، مۈشۈككە بىر سۆز دېدى، خادىمنى كەچۈرۈپ دەرەختىن چۈشۈشنى سورىدى. شۇندىن كېيىنلا مۈشۈك دەرەختىن چۈشۈپ ئۆيگە كىردى.

خانىقا ئەھلى ئارىسىدا غۇۋغا كۆتۈرۈلدى، ھەممەيلەن مۈشۈكنىڭ ئىشىغا ھەيران بولۇپ، كۆڭۈللىرىدە خۇشلۇق پەيدا بولدى، نىگاھلىرىدا بىر ئىلاھىي نۇر ئۇچقۇنلىدى. بارچە ئۇ مۈشۈكتىن ئىبرەت ئالدى، ئۇنىڭ شۈكرىگە، سەبرىگە قايىل بولدى. ئەگەر مىڭ ئالەم بىلەن باغلىنىشىڭ بولسىمۇ، ئۇ پەرزەنت باغلىنىشىدەك بولماس. پەرزەنت غېمىدىن خالاس بولغۇچى پەقەت پەرۋەردىگارنىڭ ئۆزىدۇر، بەندىسى بالام - پەرزەنتىم دەپ ئۆمۈر ئۆتكۈزەر. پەرزەنت كىشىنى دۇنيا بىلەن باغلايدۇ، پەرزەنت غېمى دۇنيا غېمىنىڭ بىر قىسمىدۇر. ئەمما ئالىي دەرىجىدە ئادىل بولماققا، بارچىغا باراۋەر بولماققا يېتىشمەن دېگەن دەرۋىش پەرزەنتۇ خانەدان قىلىش بەھرىدىن ئۆتسۇن. پەرزەنتى بار، ئائىلىسى بار ئادەم ھەممىگە باراۋەر بولالمايدۇ. ئۇ ئىستەر - ئىستىمەس ئۆز مەنپەئىتى، باللىرى، ئائىلىسى مەنپەئىتىنى ئويلايدۇ، مۇتلەق ھەقىقەتكە يېتىش قىيىن بولىدۇ. ئەي پەرزەنت، تەگرىنى بۇنداق سۆيمەك كېرەككى، باشقا بىرەر نەرسىنىڭ مېھرى ئاگا توساق بولمىسۇن، بۇ مېھىر باشقا نەرسىلەرگە بۆلۈنمىسۇن، مانا ھېكايەتنى تىڭلا:

## غايىب بولغان ئىسكەندەر

جاھانگىر ئىسكەندەر بىر كۈنى مەملىكەتكە ئەلچىلەر ئەۋەتمەكچى بولدى. بىر نەچچە ئادەمگە بىر خىل كىيىم كىيىندۈردى ۋە ئۆزىمۇ ئاشۇلارنىڭ لىباسىدىن كىيىپ، ئەلچىلەرگە قوشۇلۇپ جۆنىدى. ھېچكىم ئىسكەندەر قايسى، ئەلچىلەر قايسى ئىكەنلىكىنى بىلمەستى. ئىسكەندەر كۆزى ھېچكىمدە يوق ئىدى، ئەگەر بىرەرى مەن ئىسكەندەر دېسىمۇ ھېچكىم ئىشەنمەيتتى.

ئىسكەندەر پەقەت ھەممىنى كۆرۈپ تۇرار ۋە ھەممىنىڭ ئەھۋالىدىن خەۋەردار ئىدى. شاھنىڭ ھەربىركۆڭۈلگە يول تېپىشىغا ئىمكانى، ئىختىيارى بار ئىدى. ئەمما گۇمراھ دىللارغا يول تېپىش قىيىن. گۇمراھلارنىڭ يولى گۇمراھلىق ۋە غەپلەت، ئادىشىش يولىدۇر. شاھ گەرچە ھۇجرا تاشقىرىسىدا بىگانىدەك بولۇپ تۇيۇلسىمۇ، لېكىن ھۇجرا ئىچىدە ھەممىگە مەھرەم ـ ھەمخانە ئىدى.

## ئالتۇن ھېرىسى

بىر پاك ئىنسان ھۇزۇرىدا مۇھەببەت ھەققىدە سۆز بارار ئىدى. ئولتۇرغانلاردىن بىرى دېدى:

— مەن ئالتۇن ئاشىقىمەن، پۇلنى، بايلىقنى سۆيىمەن. ئالتۇن ئىشقى ۋۇجۇدۇمدا جان كەبى، ئەگەر

قولۇمدا زەر گۈلدەك ئېچىلىپ، چاراقلاپ تۇرمىسا، مەن ھەم گۈل كەبى بولۇپ تۇرالمايمەن. دۇنيا ئىشقى مېنى غەملەردىن ئازاد قىلدى، ئادەملەر ئارىسىدا ئابرۇيلۇق ـ ئېتىبارلىق بولدۇم. زەر پەرەستمەن، مېنىڭ سىغىنغىنىم زەر ئالتۇندۇر، تەڭرىم.

شۇ چاغدا پاك ۋە خۇدا پەرەس ئادەم ئاڭا قاراپ دېدى:

ــ ئەي ئەسلىگە ئەمەس، سۈرەتكە شەيدا بولغان، سۈرەت كويىغا چۈشكەن ئادەم. كۆڭلۈڭدىن ساپا سەھىرىنىڭ نۇرى يىراق، سەن چۈمۈلىگە ئوخشايسەن، كاۋاكلاردىن باشقا نەرسىنى بىلمەيسەن. كىچە ـ كۈندۈز دىۋانىدەك چاپىسەن. سۈرەتكە گىرىپتارسەن. مەنەنى ئىزلە. سۈرەتكە بېرىلمىگىن، ئەسلىي ماھىيەت مەنەدۇر، سۈرەت ئەرزىمەستۇر، ھېچتۇر، ئالتۇن كۆرۈنۈشتە بويالغان تاشتۇر، سەن ياش بالا كەبى رەڭ ـ بوياقلارنىڭ شەيداسىسەن. سېنىڭ ئالتۇنلىرىڭ بىرەر نەرسىگە يارىمايدۇ. قىيامەت كۈنى بۇ ئالتۇنلار بىلەن ھېچكىمگە ياردەم بېرەلمەيسەن. سەن ئويۇنچۇقلاردىن لەززەت تاپىسەن. نۇرنىڭ نۇرىدىن شادسەن. سەن ئەسلىگە ئىنتىلمەيسەن، نۇرنىڭ مەنبەسىنى ئىستىمەيسەن. پاك جېنىڭنى ئالتۇن كويىدىن خالاس ئەت. ئەي جان، ئاخىر، ماھىيەت ـ مۇتلەقىيەت ئاشىقى بولمىقى كېرەك.

## خاتىمەتۇل كىتاب

ئەتتار سۆزىنى تىڭلا، ئەتتار شېئىرىنى ئوقۇ. مېنىڭ شېئىرىمنىڭ دېڭىزى قىرغاقلارغا ئۇرۇلۇپ، تېشىپ چىقتى،

ئۇندىن بۇلاقلار ئېتىلىپ چىقتى. بۇ بۇلاقلاردىن نۇر بەزمىلىرى يارالمىشتۇر، بۇ ئىشق ۋە مەرىپەت نۇرى بولۇپ، قىيامەتكىچە ئۇشبۇ شېئىر بۇلاقلىرى ئېقىپ تۇرىدۇ، ئەتتار «ئىلاھنامە» سىنى كۆكتە مەلەكلەر، جەننەتتە روھلار مۇتالىئە قىلىدۇ. چۈنكى مېنىڭ شېئىرىم بارچىسى پاك تەۋھىددۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنى ئەھلى تەۋھىد ئوقۇر ئىكەن، ئەجەبلەنمە، ئىلاھىي خەزىنە ئىشىكىنى ئېچىپ، «ئىلاھنامە» نى بايان ئەتتىم. ئاخىر مەن غايىبتىن بىنەسىپمەن. نېمىشقا ئەمدى بىچارىلەر، ئاجىزلار كەبى بەندگە گىرىپتار بولاي؟

ئەي ئەتتار، سۆزۈڭ ئادەملەر قەلبىگە غۇلغۇلا سالسۇن، غاپىللارنى ئاگاھ ئەتسۇن، ئۇيقۇلۇقلارنى بىدار قىلسۇن، شەرەپلەرگە شەرەپ بېغىشلىسۇن!